مۇھەممەت ئەھمىدى

# سۆيۈۋالاي مەڭزىڭگە قۇياش



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



ياش شائىر

مۇھەممەت ئەھمىدى 1965 ـ
يىل 3 ـ ئايدا مەكىت
ناھىيىسىنىڭ قىزىلئاۋات
يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر
دېھقان ئائىلىدە تۇغۇلغان ،
1972 ـ يىلىدىن 1983 ـ
يىلىغىچە باشلانغۇچ ـ
ئوتتۇرا مەكتەپلەردە
ئوقۇغان ، 1983 ـ يىل 9 ـ
ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا
ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ
ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا
قوبۇل قىلىنغان .ئۇ، 1987 ـ
يىل 8 ـ ئايدا ئوقۇش
پۈتكۈزگەندىن تارتىپ
ھازىرغىچە يەكەن
پېداگوگىكا مەكتىپىدە تىل ـ
ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى
بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ .

مۇھەممەت ئەھمىدى
1985 ـ يىلى « شىنجاڭ
مىنبىگۈلىرى » گېزىتىدە

مۇھەممەت ئەھمدى

# سۆيۈۋالاي مەڭگۈگە قۇياش

(شېئىرلار)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

吻你，太阳/穆汗默迪·艾合米德著.—喀什：喀什维吾尔文出版社，2001.6
ISBN7—5373—0871—3

Ⅰ.吻... Ⅱ.穆... Ⅲ.诗歌—作品集—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I227

中国版本图书馆CIP数据核字(2001)第037698号

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
(喀什市塔吾古孜路14号 邮编:844000)
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
787×1092毫米 1/32开本 5.25 印张 1插页
2001年6月第1版 2001年6月第1次印刷
印数:1 —— 3000 定价: 9.50 元

## مۇندەرىجە


گۈلباھار ............................................ 1
سەن ياشايسەن مۇقام بىلەن تەڭ ............................ 1
جەڭچى ناخشىسى ........................................ 6
كارۋان ئارزۇسى ....................................... 7
ئارزۇ .................................................. 7
ۋاپاسىز ............................................... 8
يارىلىدۇ بەخت تەر بىلەن ............................... 8
مۇئەللىمەن شەرەپ ئىگىسى .............................. 9
تەر .................................................... 11
بەختىم ................................................ 11
تاڭ گۈزەل ............................................ 12
تاغلار ................................................ 12
ئاي كۆرۈندۈڭ كۆزۈمگە ................................. 14
سۇلتان بولۇپ سايلانسام .............................. 15
خوراز ۋە ئىلھام ...................................... 16
سۇمباتلىق لىرىكىلار ................................... 16
ئۇستازىم ............................................. 20

زەرەپشان ........................ 20
يۈرەك سۆزۈم ........................ 21
ئېرىپ كەتتى تۇنجى قار، لېكىن ........................ 23
ئاچ يۈزۈڭنى ........................ 24
چوپان قىز ........................ 25
ئاھ، شەھىدە ........................ 25
ئانىمىزمۇ قويغان ئىكەن پۈتۈشۈپ ........................ 28
شوخلۇقۇمنى ئاي - چولپاندىن سوراڭلار ........................ 28
ئارمانلىرىم ........................ 29
چۈشەنمەمدۇ ئاچىسىنى ئۇكىسى ؟ ........................ 30
مەلىكەم ........................ 31
كۆككە يەتسۇن مېنىڭ ھەسرەت نىدايىم ........................ 31
ئىككى خىل ھال ........................ 32
ۋەتىنىم ........................ 33
مېھر بەرگىدە كۆكلىگەن گۈللەر ........................ 33
جەڭچى قەسىمى ........................ 40
ياش تۆكمە ........................ 41
نېمە سىر بار يۈرىكىدە قىزلارنىڭ ........................ 42
باھار ........................ 43
سۆيۈۋالاي مەڭزىڭگە قۇياش ........................ 44
ئاھ، ياشلىق ........................ 45
ياشلىق دېگەن ........................ 46
ھىلال ئاي ........................ 47
بىر سۈرەتكە تېز سىزما ........................ 48
خىلۋەت بۇلاق ........................ 49

باھار زوقى ........................................ 49
شائىرلىقىم ........................................ 51
ئاشىقلىق ........................................ 52
ئەجەبا ........................................ 52
ئۈچ شېئىر ........................................ 53
قۇياش ........................................ 55
سەھىرىمگە تىلەيمەن بەخت ........................................ 56
دىلبەرگە سۆز ........................................ 57
ناخشامنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ تاغلار ........................................ 58
يۇلتۇزلارمۇ چۈشتى ساماغا ........................................ 59
ياشلىقىم ........................................ 60
تەگلا ياشاپ تەگلا قىرساق ........................................ 62
سۆزلەرسەنمۇ مەن ئۆلۈپ كەتسەم ........................................ 63
باللىق چاغ ئەجەب گۈزەل ـ سۇمباتلىق ........................................ 64
ئەقلىمىزدىن يارالغاندا تاڭ ........................................ 65
ئارمانلىرىم قۇچاقلايدۇ دولقۇننى ........................................ 66
قۇياش ئوغلىمەن ........................................ 67
ئاسمان لىرىكىلىرى ........................................ 67
ھەقىقەت ........................................ 70
ئەتە ئۈمىد ، ئەتە گۈل ـ چېچەك ........................................ 70
ئەقلىمىزدىن تىكلەيلى مۇنار ........................................ 72
« جاننى قۇربان قىلاي » دېگىنىڭ ... ........................................ 72
ئۇيغۇر قىزى ........................................ 73
باھار ئەتىگىنى ........................................ 74
ئەگرى سۆگەت ........................................ 75

مەن ئۆزۈمنى قويدۇم يىتتۇرۇپ ........................ 76
ياشلىقتىكى يارقىن كۆلەڭگىلەر ........................ 77
سەن باھار ئانىجان — پەسىل ئەركىسى ........................ 83
دۇنيا ........................ 84
ئۆزۈمدىن ئۆتكەن ........................ 85
ھايات گۈزەل، ئارزۇلار گۈزەل ........................ 87
خىسلەتلىرىم ........................ 89
ئۆگەتمەيلى ........................ 90
چەمبەرسىمان مۇھەببەت ........................ 92
بىراۋ خاتىرىسىگە ........................ 93
ئىچىلغاندا ئارزۇ گۈللىرىم ........................ 94
... ؟ ........................ 95
ئىنەك ........................ 95
روھىمدىكى ئۇچقۇنلار ........................ 97
كۆڭۈل ساقلاپ كەلدىم بىر ساڭا ........................ 101
شائىر ئۆلمەيدۇ ........................ 102
توسۇن تايدەك ئۇر كۇگەن كەچمىش ........................ 103
باللارغا بايراملىق سوۋغا ........................ 106
كۆيۈۋاتقان ئاتەش نەپەسلەر ........................ 108
غەزەللەر ........................ 119
تەخمىسلەر ........................ 130
قىتئە ۋە رۇبائىيلار ........................ 145

## گۈلباھار

بەش ئاي تولۇق قورساق كۆتۈرۈپ ،
بىر ئوماق قىز تۇغدى تەبىئەت .
ئىسمى ئۇنىڭ بولدى گۈلباھار ،
يۈرەكلەردە قوزغاپ مۇھەببەت .

تەرك ئېتىشتى تاتلىق ئۇيقۇنى ،
مەپتۇن بولۇپ ئاڭا مەۋجۇدات .
ئۇزلۇقىغا تويمايدۇ ھەتتا
شېرىن ئۇچۇن كۆيگەندەك پەرھات .

1990 ـ يىل 24 ـ مارت ، يەكەن

## سەن ياشايسەن مۇقام بىلەن تەڭ

### 1

غېرىبسىنىپ ياتار بىر قەبرە ،
ئەسكى تامغا يۆلىنىپ تەنها .
مەن ئۇنىڭغا قىلىمەن نىدا ،

لېكىن ئۇندىن چىقمايدۇ سادا ،
ساداسىنى قويدىمۇ بۆلەپ ،
شۇ قەبرىگە ياراتقان خۇدا .

مەن بىلىمەن مۇشۇ قەبرىدە ،
ياتقان ئىدى خۇشخۇي غەزەلخان .
ئۇ توۋلىغان مۇڭلۇق ناخشىغا
جور بولغانتى پۈتكۈل يەر - جاھان .
شان - شۆھرەتكە ئىگە تۇرۇقلۇق ،
چوڭ گۈمبەزگە ئايلىنار قاچان ؟

نۇر بېرىدۇ ئاي بىلەن يۇلتۇز ،
كۈندۈزلەردە جىلۋىدار قۇياش .
ئاشۇ ئاددىي قەبرىنى كۆرۈپ ،
تۆكمەيدىكەن كىملەر قېنى ياش ؟
مۇسىبەتكە تۇرالماي چىداپ ،
دەرد چېكىدۇ تارىم ، يۇرۇڭقاش .

## 2

نەقىشلەنگەن ساتار تارىغا ،
ئۇرۇلىدۇ چېۋەر قول چاققان ،
تولۇن ئاينى ئەيلىگەن مەستخۇش ،

ئاھاڭلىرى كۆڭۈلگە ياققان ،
تەڭ جور بولۇپ ئانا زەرەپشان ،
كۆيلىرىگە شاۋقۇنلاپ ئاققان .

گىرۋىكىگە شوخ زەرەپشاننىڭ ،
ھەر مۇقامنىڭ مەرغۇلى سىڭگەن ،
راك ، مۇشاۋىرەك ، پەنجىگاھ ، ئەجەم ،
مۇشۇ مۇنبەت تۇپراقتا ئۈنگەن ،
ئاھ ، ئامانىنا كۈي خۇمار خەلقىم ،
تەۋەررۇكنى سەندىن ئۆگەنگەن .

تاڭ خورىزى ئاپتىكەن ئۆرنەك ،
سىنىڭ ئىپتقان مۇقاملىرىڭدىن ،
تەنھالىققا دۇچار بولغان دىل ،
شادلىنىدۇ ئاھاڭلىرىڭدىن ،
مۇشكى - ئەنبەر ، ئىپار پۇرايدۇ ،
سەن ھىد بەرگەن گۈلباغلىرىڭدىن .

سەن ھىد بەرگەن گۈلباغلىرىڭدىن ،
ئورۇن ئالدى ناۋاكەش تورغاي ،
كۈيلىرىڭنى تىڭشاپ كېچىدە ،
نەپىس ئۇسسۇل ئوينار تولۇن ئاي ،

ئاھ، قاياققا كەتتىڭ يوقىلىپ،
سېغىندىمەن سېنى گۈل چىراي.

## 3

ئون تۆت ياشتا ساتار ھەم تەمبۇر،
سايرار ئىدى بۇلبۇل كەبى شاد،
سۇسىرىغان قاقاس توغراقزار،
كەچۈرگەنتى يېڭىچە ھايات،
شۇ چېۋەر قىز مۇقام كۆكىدە،
بۇلۇت يېرىپ قاققاچقا قانات.

يېنىك چىققان شوخ، ئەركە شامال،
سۆيۈپ ئۆتتى تەكلىماكاننى،
چۆللۈكتىكى ئاددىي كەپىدىن،
باشلاپ كىردى مۇڭلۇق مۇقامنى،
ئاڭلىغاچقا خانلىق تەۋەسى،
شۇ كەپىدىن چىققان چۇقاننى.

تىرنىقىغا سىن بەرگەن خېنە،
توغراقلارغا بېغىشلار زىننەت،
ئاڭلانغاندا مۇقام ئاۋازى،
گىرىم قىلار سېخىي تەبىئەت،

ئاشۇ قىزدا بولغاچ ئىشتىياق ،
قۇياش كەبى پارلىدى سەنئەت .

ئۆگىنىپتۇ ئويناق زەرەپشان ،
ئەجەب مۇڭلۇق مۇقام ئېيتىشنى ،
قۇياش سۆيگەن پامىر ، تىيانشان ،
مەردانىلىك ، جاندىن كېچىشنى ،
« گۈزەل ئەخلاق » قۇچۇپ شەرەپشان ،
« ئىشرەت ئەنگىز » پۇراق چېچىشنى .

باللىقتا ئۆسكەن باياۋان ،
شېرىن ھېسنى ئېيتىدۇ ھاپاش ،
قان رەڭگىدە قىزارغان يۇلغۇن ،
تېخىغىچە تۇرۇپتۇ ياپپاش ،
بارخانلارغا مىنگەشكەن مۇقام ،
يۇلغۇن بىلەن ئەسلى قېرىنداش .

ئامانىسا گۈلزارلىق ئارا ،
تېرىپ كەتتىڭ ئون ئىككى تۈپ گۈل ،
ئۆتتى تۆت يۈز يىگىرمە ئۈچ يىل ،
گۈل شېخىدا سايرىدى بۇلبۇل ،
ھەربىرىدە ئۆزگىچە پۇراق ،
مەست ھالەتتە تويمايدۇ كۆڭۈل .

سىنى مەڭگۈ ئەسلەيمىز ھامان ،
سەن ياشايسەن مۇقام بىلەن تەڭ ،
قولىمىزدا سەن تۇتقان ساتار ،
ئاۋازىنى ياڭرىتىمىز كەڭ ،
مۇشكۈلاتنى ئالدۇ تۇسۇپ ،
يولىمىزغا تاشلىغان سايەڭ .

1990 ـ يىل 23 ـ ماي ، يەكەن

## جەڭچى ناخشىسى

كۆك سۆيگەن چوققىدا تۇرىمەن تەنھا ،
يىراققا ئۈمىدلىك كۆزۈمنى تىكىپ .
ناخشامنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ تاغلار ،
تولۇسام جاراڭلىق ئاۋاز چىقىرىپ .

تاغلارمۇ ئۆگەندى مېنىڭ ناخشامنى ،
چوپانلار ئاڭلايدۇ ھەمدە مۇڭلىنىپ .
بۇلۇتلار ياش تۆكۈپ ئۆكسۈيدۇ تىنماي ،
شۇ ياڭراق ئاۋازىم كۆككە ئاڭلىنىپ .

قۇياشمۇ يۈزىگە ياپار لېچەكنى ،
نازاكەت ئىلكىدە ماراپ يوچۇقتىن .

كېچىدە ئايمۇ ھەم ئۆتەر دالدىغا ،
ناخشامنى ئاڭلىغاچ يىراق - يىراقتىن .

مەن شۇنداق تووۇلايمەن تىنچلىق كۈيىنى ،
ناخشىسىز ھاياتىم — ئۇ ماڭا ئۇيات .
رەقىبىنىڭ كۆكسىگە خەنجەر شۇ ناخشام ،
ئۇچىمەن ناخشىدىن چىقىرىپ قانات .

## كارۋان ئارزۇسى

ماڭار كارۋان مەنزىلىگە يەتكۈچە ،
ئىز قالدۇرۇپ يوللار ئارا ھەر تۇرلۇك :
ئوخشاشمايدۇ ھاياتىنكى قىممىتى ،
شۇنداقتىمۇ ئىز قالدۇرۇپ كەتكۈلۈك .

ئۆچمەس ئىزلار قالدۇرساڭ گەر ھاياتقا ،
شۇ ئىزلارنى تاپار چوقۇم نەۋرىمىز .
بىز كۆز يۇمۇپ ئاندىن ئاشۇ تۇپراقنىڭ
قۇچىقىدا تىنچ - خاتىرجەم ياتىمىز .

1990 - يىل 26 - ماي ، مەكىت - قىزىلئاۋات

## ئارزۇ

مەيلى يەرگە كەتسەم كۆمۈلۈپ ،
ھاياتلىقتىن قالسا تامغا - ئىز .

چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ ،
قالمىسكەن كۆزلىرىم نۇرسىز .

قەبرەمدىمۇ ئۈنسە رەيھانگۈل ،
ھاياتىمدىن بېشارەت بېرىپ .
گۈل ئىشقىدا سايرايدۇ بۇلبۇل ،
يار ۋەسلىگە يەتكەندەك غېرىب .

## ۋاپاسىز

ئۇپۇق سۆيۈپ چىققاندا قۇياش ،
زېمىن ئىللىپ بولدى خۇش چىراي ،
قاش ئاتىدۇ سائەتنىڭ تىلى
لىكىلداپ .
باشلاپ ماڭدى تۈن قاراڭغۇسىغا ،
قىلچە توختىماي .
كەتتى قۇياش ئارقىسىدىن
سوكۇلداپ .

1990 ـ يىل ئىيۇن ، يەكەن

## يارىلىدۇ بەخت تەربىلەن

پېشانەڭدىن تۆكۈلگەن تەرىڭ ،
يەتكۈزىدۇ سېنى ۋىسالغا .

تەر ـ ئەجرىنىڭ خىسلىتى تولا ،
كۈلۈپ باققىن گۈزەل ئىقبالغا .

تۆك تەرىڭنى ئىجاد يولىدا ،
مۇشكۈل كەلسە تاشلا ئاغدۇرۇپ .
ئەل بېشىدا كۆتۈرەر شۇ چاغ ،
ساڭا ھۆرمەت ـ ئالقىش ياغدۇرۇپ .

1990 ـ يىل 20 ـ ئاۋغۇست ، يەكەن

## مۇئەللىمەن شەرەپ ئىگىسى

مۇئەللىمەن شەرەپ ئىگىسى ،
تەمەيىم يوق قۇرۇق شۆھرەتتىن .
مېھنەت بىلەن قان ـ تەر ئاقتۇرۇپ ،
گۈل پۇرايمەن شۇئان ھۆرمەتتىن .
تەمەيىم يوق قۇرۇق شۆھرەتتىن .

چاچلىرىمغا قونسا ئاق قىرو ،
ئۆز ـ ئۆزۈمگە بەخت تۇيۇلار .
ئەجرىم مېۋە بەرگەندە تاتلىق ،
قەلبلەرگە نامىم ئويۇلار .
ئۆز ـ ئۆزۈمگە بەخت تۇيۇلار .

ماختىنىشتىن پەرۋايىم پەلەك ،
دوسكا ئۆزى ماڭا چوڭ سەھنە .
ياشىسامىۇ دۇنيادا مىڭ يىل ،
ئىز قالدۇرۇپ ئاز كېلۇر يەنە .
دوسكا ئۆزى ماڭا چوڭ سەھنە .

مۇئەللىمەن قولۇمدا كىتاب ،
ئۇندىن گۆھەر - ئۈنچە سۈزىمەن .
كۆچەتلىرىم ئالسا ئۇندىن نەپ ،
ۋۇجۇدۇمدا شادلىق سېزىمەن .
ئۇندىن گۆھەر - ئۈنچە سۈزىمەن .

سەرخىلىنى تاللاپ كۆچەتنىڭ ،
ئاھ ، مېۋىلىك بىر باغ ياسايمەن .
پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈپ ئاسراپ ،
بارلىقىمنى ئاڭا ئاتايمەن .
ئاھ ، مېۋىلىك بىر باغ ياسايمەن .

مۇئەللىمەن شەرەپ ئىگىسى ،
ئىنژېنېرى ئىنسان روھىنىڭ .
يوللىرىمدا تۇرار پاياندار ،
يوق پاياندار ئۆزگە يولنىڭ .
ئىنژېنېرى ئىنسان روھىنىڭ .

1990 - يىل 8 - سېنتەبىر ، يەكەن

## تەر

پېشانىدىن تەپچىرىسە تەر ،
ئېچىلىدۇ بەخت گۈللىرى .
شۇندا ئوغلۇم دېگەي ئانا يەر ،
راۋان بولۇپ هايات يوللىرى .

پېشانىدىن تەپچىرىسە تەر ،
هالال مېهنەت ـ كەشپىيات ئۈچۈن .
ئاۋام شۇندا مىڭ ئاپىرىن دەر ،
ئالقىش ـ هۆرمەت ياغدۇرۇپ پۈتۈن .

1990 ـ يىل 14 ـ سېنتەبىر ، قەشقەر

## بەختىم

ۋەتەن مېنى ئوغلۇم دېسە ، سۆيۈنسە ،
تەقدىرىمدىن پەخىرلىنىپ كۈلىمەن .
تەر ـ ئەجرىمدىن تۈمەن چېچەك ئېچىلسا ،
ئەل كۆكسىگە تاقاشنى شان بىلىمەن .

ئەل كۆكسىگە تاقاشنى شان بىلىمەن ،
مېنىڭ بەختىم ئەل بەختىگە چېتىلغان .
ياشلىقىمدا هاياتقا ئۈل سالىمەن ،
قەلبىم ئىقبال ۋىسالىغا ئېتىلغان .

1990 ـ يىل 26 ـ سېنتەبىر ، قەشقەر

## تاڭ گۈزەل

چىللىشىپ خورازلار گۈگۈم ئىچىدە ،
بىر ياڭراق ناخشىدا تاڭنى كۈتىدۇ .
ئۇ ئاۋاز ئاڭلانسا دائىم قۇلاققا ،
يۈرىكىم تىنىمسىز ئويناپ كېتىدۇ .

چۈنكى تاڭ سەھەرنىڭ ھاۋاسى سالقىن ،
دىماغنى مەست قىلار خۇشخۇي پۇراقلار .
ئاقىدۇ شاۋقۇنلۇق كۆي بىلەن بىللە ،
مەنبەسى قۇرۇماس زۇمرەت بۇلاقلار .

يەلپۈنۈپ شامالدا دەرەخ ياپرىقى ،
ئۆزئارا بېقىشىپ پىچىرلىشىدۇ .
ئۇيقۇنىڭ قوينىدىن تارتىپ ئۆزىنى ،
تورغايلار تىنىمسىز ۋىچىرلىشىدۇ .

ئاھ ، ئەجەب يېقىملىق سۈبھى مەۋسۇمى ،
گۈزەللىك ماڭا بەك كېتىدۇ ياراپ .
قۇياشنىڭ باغرىدىن تۆكۈلگەن زەر نۇر ،
جىسمىمغا قان بولۇپ كېتىدۇ تاراپ .

## تاغلار

قۇياش سۆيگەچ تۇنجى رەت سېنى ،
ئالتۇن نۇرلار ھۆسنىڭگە رەڭداش .

ئاق بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرىدۇ ،
ئاھ ، ئۈستۈڭدە بولۇشۇپ مۇڭداش .

تاغلار ، تاغلار ، ئەي ئېگىز تاغلار ،
سېنى زېمىن ئۆگزىسى دەيمەن .
خىيالىمنى ئېپ قاچسا باغلار ،
ئۇنى پەقەت سەندىن سورايمەن .

تولۇن ئاينى تارتىپ مەيلىڭگە ،
يۇلتۇزلارنى قىلسەن خىجىل .
چولپان قىزنىڭ كۆنداشلىقى بار ،
مەغرۇرلۇقۇڭ ئېسىل ، بەك ئېسىل .

نەۋ باھارنىڭ يامغۇرى دەسلەپ ،
نۇر مەڭزىڭگە سۆيىدۇ تاغلار .
كۆنداشلىقى تۇتۇپ شۇ ھامان ،
ھەسرەت چېكىپ يىغلايدۇ باغلار .

دەريا ـ دېڭىز مەنبەسى ئۆزۈڭ ،
نىجات تاپار سەندىن گۈل ـ گىياھ .
ھاياتلىققا ئىلھام بېغىشلاپ ،
جانلىنىدۇ يېپيېڭى دۇنيا .

ھاردۇق ئالار قۇياش ھەم ئايمۇ ،
ئاشۇ خىلۋەت چوققىلىرىڭدا .

سەيلە قىلىپ خۇشال ـ شاد يايراپ ،
كېيىك ئويىنار قۇچاقلىرىڭدا .

بۈيۈك قامەت مەغرۇرلۇقۇڭدىن ،
ئەجدادىڭنىڭ ئىزى كۆرۈنەر .
ھەۋەس بىلەن ساڭا ھەر باقسام ،
سەندىن شۇنچە قەلبىم سۆيۈنەر .

قۇياش سۆيگەچ تۇنجى رەت سېنى ،
ئالتۇن نۇرلار ھۆسنۈڭگە رەڭداش .
چېگرىدىكى جەڭچى دوستۇمدەك ،
كۈن ـ تۈن ساڭا بولسامتىم سىرداش .

1990 ـ يىل سېنتەبىر ، يەكەن ـ دامىسى

## ئاي كۆرۈندۈك كۆزۈمگە

ئاھ ، جانانىم ئاي كۆرۈندۈك كۆزۈمگە ،
مۇھەببەتنىڭ ئامبۇرىغا قىسىلىپ .
سەن بەيگىدە ئاسماندىكى ئاي بىلەن ،
مەن ياشايمەن يۇلتۇزلارغا قېتىلىپ .

سەن گويا ئاي ، مەن قېشىڭدا بىر يۇلتۇز ،
ئەجەب يېقىن بولدى بىزنىڭ ئارىمىز .
ئىككىمىزنىڭ مېھرىنى بىر بولسۇن دەپ ،
بىلگەندەكلا تۇغۇپتىكەن ئانىمىز .

1990 ـ يىل ئۆكتەبىر ، خوتەن

# سۇلتان بولۇپ سايلانسام

قۇچاقلىسام ئاسمان قىزى قۇياشنى ،
ۋۇجۇدۇمغا ئىللىق سېزىم تارىسا .
ماكان تۇتاي كۆك شەھىرىدە ئازادە ،
ئاشۇ قىزچاق سۆيۈشۈمگە يارىسا .

كۆك شەھرىگە سۇلتان بولۇپ سايلانسام ،
پۈتكۈل ئالەم ھەيرانۇھەس قارىسا .
تىلسىماتىنىڭ دەرياسىغا شۇڭغۇسام ،
چېۋەرلىكىم ، ئۆز بەختىمگە يارىشا .

كېنىزەككە ئاي يارايدۇ ، يارايدۇ ،
ئوڭ قول ۋەزىر بولۇشقا ھەم چولپانمۇ .
زېمىندىكى دەريا ـ دېڭىز قارايدۇ ،
ئادەملىرى ، ئوغۇل ـ قىز ھەم چوكانمۇ .

يۇلتۇزلارنى ئەسكەر قىلىپ سەپ تۈزۈپ ،
ۋەتىنىمنى ئامان ـ ئېسەن قوغدىسام .
بۇلۇتلارغا مىنىپ سامانيولىدا ،
جاھالەتنى جەھەننەمگە قوغلىسام .

1990 ـ يىل ئۆكتەبىر ، خوتەن

## خوراز ۋە ئىلھام

تاڭدىن بەلگە بېرىپ تاڭ پەيتى ،
چىللاپ تۇرار قونداقتا خوراز .
ماڭا ئىلھام ـ مەدەت بېغىشلاپ ،
قەلىمىمدىن چىقىدۇ ئوبراز .

قەلىمىمدىن چىقىدۇ ئوبراز ،
تەپەككۇرنىڭ كۆكىدە ئۇزگەچ .
غەپلەت بېسىپ ياتقاننى مەنمۇ
شۇ خورازدىن بىلىپ ـ ئۆگەنگەچ .

1990 ـ يىل 5 ـ دېكابىر ، خوتەن

# سۇمباتلىق لىرىكىلار

## يۇلتۇزىمىز قوشۇلغاندا

يۇلتۇزىمىز قوشۇلغاندا ئاسماندا ،
سېنىڭ بىلەن چىمەنزاردا تېپىشتۇق .
ئارمان بىلەن تىترەپ نازۇك لېۋىمىز ،
پاك سۆيگۈنىڭ بال تەمىنى تېتىشتۇق .

غېمىنى يەپ كېلەچەكنىڭ ـــ بەختىنىڭ ،
كۆڭلىمىزنى ياساپ تاتلىق ئېيتىشتۇق .

شەپەق سۆيگەن نۇر ئاشىقى شەبنەمدەك ،
گۈلنى مىسال قىلىپ گۈلگە يېپىشتۇق .

ئاينى مىسال قىلىپ شۇ چاغ سۆيگۈگە ،
كەينىمىزگە قاراپ ـ قاراپ كېتىشتۇق .
كۆلەڭگىدەك يوقالمايدۇ شۇ مىنۇت ،
شۇندىن بۇيان غەم ـ قايغۇغا پېتىشتۇق .

سەنمۇ شۇنداق ، مەنمۇ شۇنداق ، بىلىمەن ،
نەم ياستۇقنى چىڭ قۇچاقلاپ يېتىشتۇق .
ۋىسال بەرگىن ئۇلۇغ خۇدا بەندەڭگە ،
مۇراجىئەت قىلىپ خەتمۇ يېزىشتۇق .

دوراپ بەزى رەسساملارنى خىيالەن ،
جۇپ گەۋدىنى يانمۇيان قىپ سىزىشتۇق .
يۈرىكىمىز قان يىغلايدۇ سېغىنساق ،
تەكرارلىنىپ ئەقلىمىزدىن ئېزىشتۇق .

## مەن ۋە ئۇ بولىدىكەن

مەن كۆيىمەن ،
ئىشقى ئاتەش مېھرى بۇلاق بىر قىزغا .
سەپسالىمەن ،
ئۇ قىز ماڭغان گۈل چېكىلگەن ھەر ئىزغا .

ئۇ كۆيەرمىش ، مىڭ ئەپسۇس ،
يۈرىكى ئوت ، سۆلتى بار يىگىتكە .

ھەم ئوخشارمىش ،
قارا قېشى سوئال بىلەن چېكىتكە .
بۇ قانداق ھال ، قانداق قىسمەت بىلمىدىم ،
ھەسرەت چېكىپ يۈردۈم ، لېكىن ئۆلمىدىم .

## سەتەڭلەر

پاك ئىشقىنىڭ گۈلخانىدا كۆيدۈرۈپ ،
مېنى قاتتىق قىيىندىڭلار سەتەڭلەر .
لېۋىڭلاردىن بال تامدۇرۇپ ـ تامدۇرۇپ ،
يۈرىكىمگە قۇيمىدىڭلار سەتەڭلەر .

چاڭقاق روھىم پايخان بولسا سىلەرگە ،
ئۇۋالىمنى جەھەننەمدە كۆرۈڭلار .
شۇنداق قىيناش لايىق بولسا ئەگەردە ،
غادايغانچە ھايات پەيزىن سۈرۈڭلار .

مىڭ تىرىلىپ ـ مىڭ ئۆلىمەن بەزىدە ،
شېرىن خىيال قوللىرىغا ئېسىلسام .

تولۇن ئايدەك سىياقىڭلار نۇر چاچسا،
مەنمۇ شۇ چاغ يۇلتۇزلارغا قېتىلسام.

ئەگەم ئايىنىڭ سايىسىدا بۇلاق بار،
ئاشۇ بۇلاق كۆزۈڭلاردۇر - كۆزۈڭلار.
يۈرىكىمگە شېرىن ھېسنى يۈكلەيمەن،
نە يۈكلەش ئۇ، مەپتۇن قىلغان سۆزۈڭلار.

ئاتەش ئىشق گۈلخانىدا كۆيدۈرۈپ،
مېنى ئەجەب قىينىدىڭلار سەتەڭلەر.
تۆگۈلۈكۈمدىن كېتەلمەيدۇ ئاي ئەگىپ،
سىلەر شۇنداق بۇ دۇنيادىن ئۆتۈڭلار.

## پۇچەك مېغىز

جېنىم سېنىڭ بېغىڭغا كىرىپ،
مەي باغلىغان ئۈرۈكنى يېدىم.
ياشارغاندەك بولۇپ يۈرىكىم،
سۆيۈنۈشتە ئاپىرىن دېدىم.

قانداقراقكىن دېگەن ئۈمىدتە،
ئۈچكىسىنى چېقىپ يەي دېدىم.
ملك ئەپسۇسكى مېغىز پۇچەككەن،
شۇندىن جانان ئىشقىڭنى بىلدىم.

1991 - يىل مارت - ئاپرېل، مەكىت

# ئۇستازىم

تاڭ سۈرىتى نامايانىدۇر چېھرىڭدە ،
قۇياش ئەسلي يارالغانمۇ سېنىڭدىن .
شادلىق ھېسى جىلۋىلىنەر مېھرىڭدە ،
چېچەكمۇ ھەم ئۆگەنگەنمۇ سېنىڭدىن ؟

مېھرىڭ گويا مۇھەببەتنىڭ چەشمىسى ،
ياشىرىدۇ شۇ چەشمىدىن گىياھلار .
ئاق چاچلىرىڭ ھاياتىڭنىڭ كەچمىشى ،
نۇر ئېمىدۇ ئۇندىن تۇمەن سىيمالار .

زىمىستاندا چۈشكەن ئاشۇ ئاق چېچەك ،
سەن توزۇتقان ئاپئاق بورنىڭ ئۆزىمۇ ؟
ئاي شولىسى گۇۋاھ بولغان شۇ ئەمگەك ،
باھار پەسلى ئېچىلغان گۈل ھىدىمۇ ؟

1991 - يىل 10 - ئىيۇن ، يەكەن

# زەردىپشان

سالام دېدى قايسى ئەل ، مىللەت ،
بىزگە سەندىن قىلىپ ھاۋالە .
قورام تاشلار سالدىمۇ كۈلپەت ،
ھالىڭ نېچۈك قىلىسەن نالە ؟

ناله ئەمەس ناۋاكەن ئەسلى ،
يۈرىكىمگە سىڭدى شاۋقۇنىڭ .
ئايانكى مەن زېمىنىنىڭ نەسلى ،
تومۇرۇمدا ئاقار دولقۇنىڭ .

شاۋقۇنۇڭغا ئاقار قوشۇلۇپ ،
قانچە تارىخ ، قانچە قىسمەت ھەم .
ئىككى قىرغاق ئارا سوقۇلۇپ ،
چىن گۈزەللىك سەندە مۇجەسسەم !

سۇلىرىڭنى ئىچتىم ئوچۇملاپ ،
راھەت بەخش ئەتتى يۈرەككە .
پاك سۆيگۈمنى ئالدىڭ ئوچۇقداپ ،
جاسارەتنى بېرىپ بىلەككە .

1991 ـ يىل ئىيۇل ، يەكەن ـ كاچۇڭ

## يۈرەك سۆزۈم

كۆكتە لەرزان پەر قېقىپ ئۇچقان چېغىم ،
چاۋاكلارغا چۆمۈلۈپ قالدى ئىزىم .
غەيرىتىمگە قول قويغاچقا كائىنات ،
خۇشاللىقتىن كۆز ياشلىدىڭ ئاپپىقىم .

مىنۋالدىم يەلكىسىگە بۇلۇتنىڭ ،
مەنزىلىم شۇ تولۇن ئاينى قۇچاقلاش .
نۇر ئەمدۈرۈپ ھۇجەيرەمگە بىمالال ،
نۇر تۇسقۇچى چوققىلارنى پاچاقلاش .

قادىۋالدىم يۇلتۇزلارنى چىرايلىق —
تۇگمە قىلىپ چاپىنىمغا ، ياراشتى .
بادام دوپپا قىلىپ كىيسەم قۇياشنى ،
ئەجدادلىرىم « ئاپىرىن » دەپ قاراشتى .

روشەن كۆزۈم تىكىلىدۇ يىراققا ،
قارىچۇقىدا ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈپ .
پاك ۋۇجۇدۇم ئۆرنەك ئاپتۇ تاغلاردىن ،
ئاي جىسمىدىن ئالتۇن نۇرنى سۈمۈرۈپ .

نە ئالتۇن نۇر ، ۋەتەن مېھرى سىن بەرگەن ،
دەريا كەبى ئۆركەشلىگەن ھاياتقا .
چۇقان سالدىم ۋەتەن سېنى ئۇلۇغلاپ ،
ئاتا قىلغاچ ئۆزۈڭ ئۇچقۇر قاناتقا .

ماڭا شۇنداق جاسارەتنى يار قىلغان ،
ئانا ۋەتەن ، ئەزىز تۇپراق ئەمەسمۇ ؟

سۈت قەرزىمنى ئاقلىمسام ئالدىڭدا ،
ھاياتلىقتىن ئۆلگەن خوپراق ئەمەسمۇ ؟

مەن تېتىيمەن لەززىتىنى دۇنيانىڭ ،
ئاھ ، ۋەتىنىم سەن بەرگەچكە ھوقۇقنى .
ۋىجدان سۆزۈم ــــ ئۇنتۇمايمەن بولدى بەس ،
« سۇ ئىچكەندە كىم كولىسا قۇدۇقنى » .

1991 ـ يىل 1 ـ ئۆكتەبىر، يەكەن

## ئېرىپ كەتتى تۇنجى قار، لېكىن ...

شادلىق يېتىپ كۆكۈل بېغىڭغا ،
تۇنجى قاردا تاشلىدىڭ قارلىق .
چىڭىپ كەتسۇن ئىشقىمىز قايتا ــــ
دەپ ھەدىيە قىلدىڭ قولياغلىق .

تۇنجى قاردا چىقىرىپ قانات ،
كۆككە پەرۋاز قىلار ئىشقىمىز .
يېڭىۋاشتىن جانلىنىپ ھايات ،
چىڭ باغلاندى سۆيگۈ رىشتىمىز .

ئېرىپ كەتتى لېكىن تۇنجى قار ،
نۇر ئوقلىرى تېگىپ بىمەھەل .

چېكىلىدۇ قەلبىمدە زىلتار ،
ئەستىن چىقماس بوپ قالدى تۇگەل .

ئەستىن چىقماس بوپ قالدى تۇگەل ،
خىسلەتلىرى ئاشۇ ئاق قارنىڭ .
يۈرىكىمگە چىقىرىپ سۇگەل ،
قار كەبى پاك ئىشقى دىلدارنىڭ .

1992 ـ يىل 11 ـ يانۋار ، يەكەن

## ئاچ يۈزۈڭنى ...

ئاچ يۈزۈڭنى ، نازىك بىلەن ئاچقىنا ،
تولۇن ئايدەك جامالىڭنى كۆرەيمەن .
ياغلىق سىلكىپ كىپىنەكتەك قاچقىنا ،
قوغلاپ بىرىپ لەۋلىرىڭگە سۆيەيمەن .

ئاچ يۈزۈڭنى ، نازىك بىلەن ئاچقىنا ،
كۆزۈڭ ھاسىل قىلغان نۇردا ئاقايمەن .
تىللىرىڭدىن ھەسەلۇبال چاچقىنا ،
ئوت باغرىمنى ئوت باغرىڭغا ياقايمەن .

ئاچ يۈزۈڭنى ، نازىك بىلەن ئاچقىنا ،
يۈرىكىمدىن قىچىپ كەتسۇن جۇدالىق .
سۆيۈۋېلىپ ۋە سۆيدۈرۈپ ياپقىنا ،
پىنھان پېتى بىلمەي قالسۇن خالايىق .

## چوپان قىز

كەڭرى كەتكەن يايلاقتا چوپان ،
پادا باقار شوخ ناخشا توۋلاپ .
ناخشىسىنى ئاڭلىسام ھەيھات ،
يۈرىكىمنى كېتىپتۇ ئوۋلاپ .

يۈرىكىمنى كېتىپتۇ ئوۋلاپ ،
چوپان قىزنىڭ لىرىك ساداسى .
شۇندىن بۇيان قوزغىدى ئەپسۇس ،
ۋۇجۇدۇمدا توپان بالاسى .

1992 ـ يىل 4 ـ فېۋرال ، يەكەن

## ئاھ ، شەھىدە

خىياللىرىڭ دېڭىزىنى بويلايمەن ،
ئاھ ، شەھىدە سېنى شۇندىن ئاختۇرۇپ .
ساڭا كەتكەن ئەقىدەمنى ئويلايمەن ،
نېمىشقىدۇر قالدىم سېنى ياقتۇرۇپ ؟

ھىجران قۇچاق ئېچىپ بىزگە شەھىدە ،
ئاھ ، ھەسرەتنىڭ دەرياسىغا تاشلىدى .

يۈرىكىمنى قىيناپ قاتتىق ئەقىدە ،
كۆزلىرىمنى ئەلەم بىلەن ياشلىدى .

سەن ئىدىڭ ئاي ، مەن قېشىڭدا بىر يۇلتۇز ،
كائىناتمۇ بىزگە ھەيران قالاتتى .
پىنھان جايدا قېنىپ ـ قېنىپ سۆيۈشتىن ،
تەشنا يۈرەك ئۇسسۇزلۇققا قاناتتى .

مانا پەلەك سۆيگۈمىزگە تاش ئاتتى ،
يۈرەكلەردە قالدى ئۇنىڭ تامغۇرى .
نىمە ئامال ئەلەم بىلەن باش قاتتى ،
ياغسا شۇنداق ۋاپاسىزلىق يامغۇرى .

كۆڭلۈم شۇنداق بۇزۇلغاندا توساتتىن ،
ئاسماندىكى تولۇن ئايغا قارايتتىم .
تايچاق مىسال بۆسۈپ ئۆتۈپ توسۇقتىن ،
مەن ئەجەبا ساڭا بەكمۇ يارايتتىم .

يەتتە ئىقلىم ئۈستىدىكى مۆجىزات ،
ئىچ ئاغرىتىپ ھەسرىتىمگە تۆكتى ياش .
مۇزلاپ كەتتى سۆيگۈ دەريا قاتمۇقات ،
ئوت يۈرىكىم ياستۇقىغا قويۇپ باش .

ماڭا ئەمدى يەر يۈزىدە ئورۇن يوق ،
بۇلۇتلارنىڭ قاتلىمىدا ئويناپمەن .
(مۇھەببەتنى سۆيمەيدىغان ھۇرۇن يوق)
نە بولدۇمكى ، ئۆزۈم بۇنى ئۇقمايمەن .

پالاق ئۇرۇپ دېڭىزىدا سۆيگۈنىڭ ،
مەنزىل ئۇچۇن ئاڭا كېمە سالغانتۇق .
پەيزىن سۈرۈپ مۇھەببەتلىك كۆيگۈنىڭ ،
ئاپتىپىدا كۆيسەك بىللە كۆيگەنتۇق .

مۇھەببەتنىڭ ئەللىيىدە ئۇخلىغان ،
نەچچە يىللىق ھايات بۇ دەم توگەتتى .
تۇزلا ئۆسكەن سەرۋى قامەت چىنارغا ،
شۇم يۆگىمەچ بوي سوزدىيۇ يۆگەشتى .

ئۆچكەن كەبى چىراغ تىنچ كېچىدە ،
يۈرىكىمنىڭ قىزىتمىسى توختىدى .
گاھ يەردىكى ، گاھ كۆكتىكى تېپىشماق ،
سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشىدى .

سەبىي ئىدۇق بىر چاغلاردا شەھىدە ،
تاتلىق ـ تاتلىق سۆيۈشەتتۇق يۈرەكتىن .
گۇمران بولدى ساڭا كەتكەن ئەقىدە ،
يول تاللىغاچ ئۆزىمىزگە بۆلەكتىن .

ۋايسمايمەن تەقدىر بىزنى ئايرىسا،
باشتا تەقدىر بىزنى ئۆزى جۈپ قىلغان.
بۇلبۇل ئەپسۇس پىغان بىلەن سايرىسا،
نالىسىدىن گۈل ھەسرەتتە يىغلىغان.

1992 - يىل فېۋرال، مەكىت - تۇمەنتال

## ئانىمىزمۇ قويغان ئىكەن پۇتۇشۇپ

ئانىمىزمۇ قويغان ئىكەن پۇتۇشۇپ،
بىز دۇنياغا كۆز ئاچقاچ چاغ ئەسلىدە.
سەبىيلىكتە قولنى قولغا تۇتۇشۇپ،
تېپىشقانتۇق ئوقۇۋېتىپ يەسلىدە.

مانا ئەمدى قېنىپ ئارزۇ - ئارمانغا،
توي ئويندۇق تۇنجى باھار پەسلىدە.
جۈپ يۈرەككە ئورتاق نىشان مۇجەسسەم،
ھاياتلىقتىن ئۇنۋان ئېلىش قەستىدە.

## شوخلۇقۇمنى ئاي - چولپاندىن سوراڭلار

تۇغۇلغانتىم تۇنجى باھار قوينىغا،
تەۋرەنگەنتىم بۆشۈكىدە زېمىننىڭ.
سۆيگۈلىرىم يۇلغۇن بىلەن زامانداش،
ئايان شۇندىن قىزىللىقى قېنىمنىڭ.

شۇ سەۋەبتىن چۈمۈلىمەن بىلىقتەك ،
پاك سۆيگۈنىڭ دېڭىزىغا بىمالال .
ۋۇجۇدۇمدا تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەت بار ،
كىملىكىمنى دوستلار شۇندىن بىلىپ قال .

مېھرى چوغدەك قۇياش بىلەن چىرماشسام ،
« كۆيەرمىكىن » دەپ ئەندىشە قىلماڭلار .
كۆك ئاسماندا زەپەر مارشى ياڭراتسام ،
شوخلۇقۇمنى ئاي - چولپاندىن سوراڭلار .

شوخلۇقۇمنى ئاي - چولپاندىن سوراڭلار ،
بىر سىلكىنىپ كائىناتنى كېزىمەن .
ھاياتىمدا قىلغان بۈيۈك ئىشلارنى
كۆك ئاسمانغا نەقش قىلىپ سىزىمەن .

ئۇپۇقۇنغا تاشلىنىمەن دېڭىزنىڭ ،
ناخشىلىرىم ئايلىنىدۇ شاۋقۇنغا .
نۇر سۈمۈرسەم زەر قۇياشنىڭ جىسمىدىن ،
تىنىقلىرىم جاي بېرىدۇ يالقۇنغا .

1992 - يىل 10 - مارت ، يەكەن

## ئارمانلىرىم

ئارمانلىرىم ھۆكۈمران پاك قەلبىمگە ،
تەسلىم قىلار بەڭۋاشلىقنى - غەپلەتنى .

ئارمانلىرىم دىلدا ئۆچمەس نۇر ـ چىراغ ،
سۇرۇپ بارار قاراڭغۇلۇق ھالەتنى .
پاك ۋۇجۇدۇم نۇر قوينىغا تۆرەلگەن ،
مەن ئارماننىڭ بۆشۈكىگە بۆلەنگەن .
1992 ـ يىل 4 ـ ئاپرېل ، يەكەن

## چۈشەنمەمدۇ ئاچىسىنى ئۇكىسى ؟

قۇچاقلىسام ئاسمان قىزى — قۇياشنى ،
خۇدۇكسىرەپ ئاي كۆزىنى قىسامدۇ ؟
ياكى مەجبۇر گىرە سېلىپ بوينۇمغا ،
پاك سۆيگۈنىڭ مارجىنىنى ئاسامدۇ ؟

ئىككى قىزى بار ئەزەلدىن ئاسماننىڭ ،
بىرى قۇياش ، بىرى غەمكىن تولۇن ئاي .
ئاي مۇڭلىنىپ ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرسا ،
نېمىشقىدۇر قۇياش دائىم خۇش چىراي ؟

نېمە سىر بار ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ،
ياكى يىگىت تالاشقانمۇ ئىككىسى .
بىر ئەمچەكنى تارتىپ ئەمگەن تۇرۇقلۇق ،
چۈشەنمەمدۇ ئاچىسىنى ئۇكىسى ؟

## مەلىكەم

تونۇشقىلى بوپقالدى ئىكەم ،
مەن ئىشقىڭدا يۈرىمەن مەڭدەپ .
چۈشەنگەندەك قەلبىمنى ئەركەم ،
بىر ئالمىنى تەڭلىدىڭ « يەڭ » دەپ .

بىر ئالمىنى تەڭلىدىڭ « يەڭ » دەپ ،
كۆزۈڭ كۆردى ،
يەپ بولدۇم ئىكەم .
قاچانغىچە يۈرىمىز ئىزدەپ ،
ئوتلۇق ۋىسال ئاپئاق مەلىكەم .

1992 ـ يىل 10 ـ ماي ، يەكەن

## كۆككە يەتسۇن مېنىڭ ھەسرەت ئىدايىم

مەن قارايمەن ئاسماندىكى يۇلتۇزغا ،
نە يۇلتۇزكى كۆڭلۈمدىكى گۈلقىزغا .
ئەسىر قىلغاچ سېھىرلىنىپ ۋۇجۇدۇم ،
كۆز تىكىمەن گۈلقىز ماڭغان ھەر ئىزغا .

لېكىن ، نېسىپ بولماي ئۆتتى گۈلقىزنىڭ ،
پاك سۆيگۈسى (نېمە مېنىڭ گۇناھىم) .

سولاشتىغۇ ئۇششۇك تەگكەن گىياھتەك ،
ھېچ بىلمىدىم قىزىلگۇلدەك چىرايىم .

« كۆيۇش » دېگەن مۇشۇ سۆزنى مىڭ ئەپسۇس ،
يىگىتلەرگە ياراتقانمۇ خۇدايىم .
شۇ مەنتەقە راست بولسىلا بولدى بەس ،
كۆككە يەتسۇن مېنىڭ ھەسرەت نىدايىم .

1992 - يىل 4 - ئىيۇن ، يەكەن

## ئىككى خىل ھال

چۇشتى يەرگە ۋاپاسىز ياپراق ،
تىترىگەنچە شىۋىرلاپ ئاستا ،
بىراق ،
ئەگەشتۇرۇپ كەتكەچكە شامال .
قارغىۋەتتى يىلتىز كۆرۇپلا ،
شۇ سەۋەب ،
بىر ئازگالغا بولدى ئۇ قامال .

ئانا دەرەخ تۇۋىگە ياپراق ،
شوخلۇقىدىن ئۆزىنى ئاتتى .
ئاپىرىن ،
ھاياتلىقنى بەرگەن يىلتىزنىڭ ،
تۇۋىگە ئۇ سىڭىپلا كەتتى .

ئاتا ـ بالا كۆرۈشۈپ دىدار ،
قۇچاقلىشىپ مۇرادقا يەتتى .

1992 ـ يىل 2 ـ سېنتەبىر ، يەكەن

## ۋەتىنىم

پاك قەلبىمنىڭ ئاسمىنىدا نۇر چاچقان
جامالىڭنى قۇياش دېسەم كېلەر ئاز .
كۆي كۆيلىسەم جور بولۇپ تەڭ كۆي قاتقان ،
شۇ سەۋەبتىن قىشمۇ ماڭا بولار ياز .

پاك ئىشقىڭنى بۆشۈك قىلىپ ۋەتىنىم ،
بۆلۈۋەتتىم يۈرىكىمنى چەمبەرچاس .
بارلىقىمنى پەقەت ساڭا ئاتىدىم ،
بولغاچ سۆيگۈڭ شۇنچە ئۇلۇغ ، مۇقەددەس .

1992 ـ يىل 7 ـ سېنتەبىر ، مەكىت

# مېھىر بەرگەن كۆكلىگەن گۈللەر

## ئانا

شۇ توپىلىق خىلۋەت كەنتتە ،
ئولتۇرامسەن ئانا خىيالچان .

قايدىن كېلەر ئوغلۇم دەپ مېنى ،
سېغىنچىڭغا ئالدىڭ ھەقىچان .

چۇچۇلاشسا تورغاي تاڭ سەھەر ،
سەن زوقلىنىپ سالامسەن قۇلاق .
زەپ مېھرىبان ئوغلاق ، قوزاڭغا ،
ئوت ئالىسەن ئاتاپ بىر قۇچاق .

ئايغا قاراپ سۈرەمسەن خىيال ،
تەنھالىقىڭ بەرسە ئىزاھات .
قاداق باسقان قوللىرىڭدا گۈل ،
ئېچىلىدۇ پورەكلەپ قات ـ قات .

جىمجىت سەھرا ، چۇقانسىز ھايات ،
ئىككىمىزنى چاتقان سۆيگۈدە .
ئارمانلىرىڭ كۆكلەتتى مەزمۇت ،
شۇڭا ئۇتۇپ چىقتىم بەيگىدە .

قولۇڭدا بار ئۆزگىچە بىر تەم ،
ئەتسەڭمۇ گەر يوبدان ، سۇيۇقئاش .
سەجدە قىلاي ساڭا مىڭ مەرتە ،
ئايىغىڭدا ئېگىپ تۇرۇپ باش .

سىغىنىمەن باللىقتىكى
تاتلىق كەچمىش — يادا باققاننى .
قىچقارساڭمۇ ھە دېمەي كەچتە ،
ئاي ، يۇلتۇزغا چالما ئاتقاننى .

چىن تۇمۇرنىڭ مىسران قىلىچى ،
ۋۇجۇدۇمغا قوشقان جەسۇرلۇق .
چۆچەك ئېيتىپ بېرەتتىڭ دائىم ،
ئۆزۈڭ مىسكىن ، دەردمەن تۇرۇقلۇق .

تاراپ قويغۇم كېلىدۇ نەچچە ،
ئاھ ، چۇۋۇلغان ئاپئاق چېچىڭنى .
تارىخ بولۇپ يۈتۈلسە قايتا ،
ئويۇۋەتسەم تاشقا ئېتىڭنى .

سەن زاكامنى قۇرۇقداپ بىر رەت ،
پەقەت بىر ئاخشام .
زەپ كۆيۈنۈپ باققىنىڭ ئۈچۈن ،
ئۆزۈڭ ھۆلدە ياتقىنىڭ ئۈچۈن .

ئاپارسامۇ قىلىدۇ ئازلىق ،
يەتمىش يەتتە قېتىم مەككىگە .
تىزلىنىمەن ئالدىڭدا ئانا .
ئوتۇمدا كۆيۈپ ، سۈيۈمدە ،

ئاققىنىڭ ئۇچۇن ،
مۇقەددەس بىر ئوتنى يۈرىكىمگە ،
ياققىنىڭ ئۇچۇن .
دېمەك پېقىرنى ئادىمىيلىك سېپىگە ،
قاتقىنىڭ ئۇچۇن ،
ئانا ،
پەرىشتىدەك ئاق كۆڭۈل ئانا .

## ئۆزۈڭ ئىدىڭ بىر چىنار مەزمۇت

(دادام ۋاپاتىنىڭ 10 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

خىزىر سۈپەت قەدىردانلىقىڭ ،
چەكتى شائىر ئوغلۇڭ قەلبىنى .
مېھرىڭ ماڭا بېغىشلىسا نۇر ،
قىينار دىلنى ھىجران كەچمىشى .

ئۆزۈڭ ئىدىڭ بىر چىنار مەزمۇت ،
نۇر ئەمگەنتى بەرگىڭ قۇياشتىن .
كەپسىزلىكىم يۈز ئاچقان چېغى ،
ئەيمىنەتتىم ساڭا قاراشتىن .

پادا باققان ئىدىم سەن بىلەن ،
تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدە .

ئات چاپتۇرۇپ ئويىنىغانلىرىم ،
ئىشق قوزغاپ يۈرەكلىرىمدە .

غۇرۇرۇمنى ئويغاتقان ئاشۇ ،
چەكسىز ـ چەكسىز ئېدىرلىق ، قۇملۇق .
ئېيتىپ بەرگەن كۆپ چۆچەكلىرىڭ ،
بېغىشلىدى ماڭا جەسۇرلۇق .

جاپايىڭنى كۆرۈپ يەتتىممەن ،
بولغان چېغى مېنىڭ پەرزەنتىم .
تۇغۇلغاندەك بولۇپ قايتىدىن ،
بار ئاۋازدا دادا ! دېۋەتتىم .

ئۆتتى ئون قىش ، ئون كۆكلەم مانا ،
سېنى قايتا كۆرەلمىدۇق ھېچ .
بولۇۋالدى بۇلبۇل سايرىماس ،
گۈلشەنلەردە ھايات تىپتىنچ .

نەۋرىلىرىڭ سېغىندى سېنى ،
بولۇپ قالدى ئۇلارمۇ چوپچوڭ .
ئەگرى ـ توقاي قىسمەتلىرىڭنى ،
داستان قىلىپ يازىدۇ ئوغلۇڭ .

ھاياتىمغا تىكلەپ ئابىدە ،
يۈرىكىمگە گۈلخان ياققىنىڭ .

نۇرلاندۇرۇپ ھايات بېغىمنى ،
تومۇرۇمدا بار قىزىل قېنىڭ .

قالدى نۇرغۇن ئەسلىمە بۇندا ،
سېغىنىشىم ھۆۋلايدۇ ئۈنسىز .
دىلىم سۇنۇق ،
سۇندى قانىتىم ،
يېتىم بولۇپ ئۆتتى كۈن سەنسىز .

بىنا قىلغان بوستانلىرىڭنى ،
كۆكلىتىمەن ئەجىر سىڭدۈرۈپ .
سەن قەلبىمنىڭ تۆرىدە سۇلتان ،
ئۆتەي مەڭگۈ ساڭا باش ئۇرۇپ .

## ئىپتىخارىم

خانەم ئىچرە ئولتۇرسام مەن كېچىدە ،
ئاينىڭ نۇرى چۈشەر ئاستا رۇجەكتىن .
ئاشۇ نۇرنىڭ ئەللىيىگە بۆلىنىپ ،
شوخ ناخشىلار چىقار قەلب - يۈرەكتىن .

ھالال مېھنەت ، ھالال ئەجىر سىڭدۈرسەم ،
ئۇ مېنىڭكى ئىپتىخارىم ، غۇرۇرۇم .
باغۋەنمەنكى ، نۇرغۇن كۆچەت ئۆستۈرسەم ،
مېۋىسىدىن لەززەت ئالار يۇرتۇم .

كۆچەتلىرىم مېۋە بەرسە شەكسىزكى ،
يايراپ كېتەر دىلىم شۇنچە سۆيۈنۈپ .
تەمى كەتمەي قالار مەڭگۈ ساقلىنىپ ،
يېسە ھەركىم ئۇنى جاندىن كۆيۈنۈپ .

## مۇئەللىم

شاھلارغا قىلىنغان ھۆرمەتتىن چەكسىز ،
ھۆرمەت بار قەلبىمدە ساڭا مۇئەللىم .
سەن قەلب تەختىدە بىرلا ، سەن شەكسىز ،
ھېكمەتتىن گۈل بەرگەچ ماڭا مۇئەللىم .

مەرىپەت ئىزناسى — گۈلنىڭ رەڭگى ئۇ ،
چېچەكتىن قونغان شۇ ئاپئاق قىرولار .
ماڭلايدىن تامچىلاپ ئاققان ئالتۇن تەر ،
بولدى بەس ، ئۆزۈڭگە بەخت تۇيۇلار .

مۇئەللىم دېگەندە تاشدۇ ئۇرغۇپ ،
دىلىمدىن ساڭىلا ئالەمچە ھۆرمەت .
مېھرىبان ئانىدەك كۆيۈنگەچ ئۆزۈڭ ،
قەلبىمدە سەن ئۈچۈن دەريا مۇھەببەت .

1992 ـ يىل 10 ـ سېنتەبىر، يەكەن

# جەڭچى قەسمى

مەن قوغدايمەن ئانا تۇپراقنى ،
چۈنكى كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن .
پەرق ئېتىپ قارا ۋە ئاقنى ،
قەلبىمگە كۆپ ئارمان پۈكۈلگەن ،
چۈنكى كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن .

مەن قوغدايمەن ئانا تۇپراقنى ،
ئۇندا ھەممە مۆجىزە تولۇق .
ھەم ئۆستۈرگەن باغۇئوتلاقنى ،
خىسلەتلىرى ھەممىدىن ئۇلۇغ ،
ئۇندا ھەممە مۆجىزە تولۇق .

مەن قوغدايمەن ئانا تۇپراقنى ،
يۈرىكىمدىن قىلىپ چىلىك باخاش .
ئۇنتۇپ كەتسەم ئەزىزلىكىنى ،
شۇتاپ ئەلدىن ياغىدۇ قارغىش ،
يۈرىكىمدىن قىلىپ چىلىك باخاش .

مەن قوغدايمەن ئانا تۇپراقنى ،
پىشار ئۇندا ئەنجۈر ھەم گىلاس ...

كۆزلەپ مېڭىپ يىراق - يىراقنى ،
يۈرىكىمدىن قىلىمەن ئىخلاس ،
پىشار ئۇندا ئەنجۈر ھەم گىلاس ...

مەن قوغدايمەن ئانا تۇپراقنى ،
(ئاخىر مەنمۇ كېتىمەن ئۆلۈپ . )
چىلىك قۇچاقلاپ بېسىپ باغرىمغا ،
كۆز يۇمساممۇ ياتىمەن كۈلۈپ ،
(ئاخىر مەنمۇ كېتىمەن ئۆلۈپ . )

مەن قوغدايمەن ئانا تۇپراقنى ،
ئىنسانلىقىم شۇنىڭدىن ئايان .
ھايات گۈلۈم چاچار خۇش پۇراق ،
ئالقىشلىسا تۆھپەمنى جاھان ،
ئىنسانلىقىم شۇنىڭدىن ئايان .

## ياش تۆكمە

ياش تۆكمە جانانىم مېنى كەتتى دەپ ،
ياشلىرىڭ قەلبىمگە بېرەلمەيدۇ ھاي .
بىغۇبار دىلىمنى قىينايدۇ پىراق ،
شۇ ھىجران - پىراققا مەن قانداق چىداي ،
ياشلىرىڭ قەلبىمگە بېرەلمەيدۇ ھاي .

ياش تۆكمە جانانىم مېنى كەتتى دەپ ،
كېلىمەن ئالدىڭغا شان قۇچۇپ ئايھاي .
قۇت تىلەپ ، ئالقىشلاپ ۋىسال پەيتىدە ،
سۆيىمەن مەڭزىڭگە يېنىشلاپ قانماي ،
كېلىمەن ئالدىڭغا شان قۇچۇپ ئايھاي .

ياش تۆكمە جانانىم مېنى كەتتى دەپ ،
ياشلىرىڭ مارجاندەك كۆكسۈمدە ئوينار .
ئويلىما ۋەسلىگە مېنى يەتتى دەپ ،
شەرەپتىن بوينۇڭغا ئاسمەن زۇننار ،
ياشلىرىڭ مارجاندەك كۆكسۈمدە ئوينار .

1992 ـ يىل 2 ـ ئۆكتەبىر، يەكەن

## نېمە سىر بار يۈرىكىدە قىزلارنىڭ

ئاقار يۇلتۇز ئۆچكەن كەبى كېچىدە ،
خىيالىمدىن بىر قىز كەتتى ، يوقالدى .
يوقالدىيۇ ، بىراق شېرىن سۆيگۈدىن
يۈرەكلەردە تامغا قالدى — ئىز قالدى .

يۈرەكلەردە تامغا قالدى — ئىز قالدى ،
نۇر چاقنىتىپ دوسكىسىدا يىللارنىڭ .

ئۇ — سۆيگۈنىڭ ئەبەدىيلىك ئىزناسى ،
نېمە سىر بار يۈرىكىدە قىزلارنىڭ ؟

1992 ـ يىل 9 ـ نويابىر ، يەكەن

## باھار

ئېرىقلاردا سۇ ئاقىدۇ چېلىپ ساز ،
ناۋاسىغا قۇلاق سالار گىياھلار .
مەيىن شامال سۆيسە تاتلىق قىلىپ ناز ،
يېشىللىققا پۈركىنىدۇ قىيالار .

باھار پەسلى كەلسە ئوماق جاناندەك ،
نازاكەتتە يەلپۈنىدۇ مەجنۇنتال .
چاچ ياسايدۇ ئۆزىگە ھەم بالىدەك ،
خۇشال بولۇپ ئوماق سىڭلىم گۈلجامال .

دىماغلارغا ئېلىپ كېلەر خۇش پۇراق ،
بوستانلىقتىن چىققان ئەركە شامالار .
دېھقان تاغام قوش ھەيدەيدۇ ئېتىزدا ،
قەلبىدە بار تۈمەن ـ تۈمەن ئارمانلار .

قۇشلار سايراپ تۇرار دەرەخ ئۈستىدە ،
مەمنۇن بولۇپ شوخ ـ شوخ ناخشا ئېيتىشىپ .

ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇپ كەتكەن ۋادىدا ،
بۇلاق سۈيى شىلدىرلىشىپ ئېقىشىپ .

1992 ـ يىل 18 ـ نويابىر ، يەكەن

## سۆيۈۋالاي مەڭزىڭگە قۇياش

سۆيۈۋالاي مەڭزىڭگە قۇياش ،
ئاي كۆرمەستە كېلىپ يوشۇرۇن .
بىلىپ قالسا قىلىدۇ كۆز ياش ،
مېنى ياخشى كۆرگەچكە بۇرۇن .

مېنى ياخشى كۆرگەچكە بۇرۇن ،
ئاي ئىزدەيتتى دائىم كېچىدە .
كۈنداشلىقى تۇتۇپ قالمىسۇن ،
سېنى يامان كۆرۈپ ئىچىدە .

ئاي يۈزىدە بولغاچقا دېغى ،
كەتمىدىم مەن ئاڭا بېرىپ قول .
كۆزلىرىمنىڭ تۇگىمەس يېغى ،
سۆيۈۋېرسەم سېنىلا نوقۇل .

قۇياش ، قۇياش مېنىڭ ئەزىزىم ،
نۇر تاراتنىڭ ئوتلۇق دىلىمغا .

تاغلار سۈپەت يۈكسەك ئەقىدەم ،
قۇياش تېزدىن كەلگىن يېنىمغا .

سۆيۈۋالاي مەڭزىڭگە نەچچە ،
ئاھ ، نۇرانە دىلبىرىم قېنىپ .
سېغىنىمەن سېنى ھەر كېچە ،
مەن ياشايمەن ساڭا ئىنتىلىپ !

1992 ـ يىل 1 ـ دېكابىر ، يەكەن

## ئاھ ، ياشلىق

ھاياتلىقنىڭ دەرياسى ئەبەد ،
شاۋقۇن سېلىپ ئۆتۈۋېرەمدۇ ؟
ياشلىقتىكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ،
دائىم ۋىسال كۈتۈۋېرەمدۇ ؟

ھايات شامى ئۆچمىگەنلەرنىڭ ،
دىلدا يۈكسەك ئارمانلىرى بار .
كۆتۈرۈشكە تارىخ يۈكىنى ،
ۋۇجۇدىدا دەرمانلىرى بار .

ياشلىق دەۋر مۇشكۈل بىر داۋان ،
ئۇنى ھەممە ئادەم كەچكۈلۈك .

تۇرمۇش شۇ چاغ بېرىدۇ ئۇنۋان،
جانانغا جان تەقدىم ئەتكۈلۈك.

ئۆتكەن ئىدى تالاي قەھرىمان،
ياشلىقىدا كېچىپ جېنىدىن.
قىزىلگۈلگە پۈركەندى جاھان،
ئاشۇلارنىڭ ئىسسىق قېنىدىن.

پارقىرايدۇ ئالتۇن ھەمىشە،
ئۇنىڭدىنمۇ قىممەتتۇر ياشلىق.
ئىز قالدۇرۇپ كەتسەم ئەگەردە،
ۋۇجۇدۇمنى كېزىدۇ شادلىق.

مەن يىللارنىڭ دۇلدۇللىرىغا،
ياشلىقىمدىن ئارتىمەن يۈكنى.
نەقىش چېكىپ گۈزەل ھاياتقا،
شادلىقىمدىن قۇچىمەن كۆكنى.

## ياشلىق دېگەن...

ھەسرەت چەكمەي ئۆتكەن كىم بار، كىملەر بار،
كىمگە شادلىق، كىمگە كەلدى جۇدالىق.
گۈل پۈراقسىز بولمىغاندەك قاي سەنەم،
قاي ئىنسانغا سالمىغاندۇ سەۋدالىق.

ياشلىق دېمەك ــــ چاقماق دېمەك ، ئوت دېمەك ،
ئۇندا مەۋجۇت كېلەچەكنىڭ جۇلاسى .
سوقما تامدىن ئاتلاپ ئۆرۈك ئۈزگەن چاغ ــــ
ئۇنتۇلمايدۇ ، قىرانلىقنىڭ ئىزناسى .

ئارمانلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئارمانغا ،
مەنزىلگاھنى نىشان قىلىپ چاپقان چاغ .
ياشلىق دېگەن گۈلتاجى بۇ ھاياتنىڭ ،
گويا شېرىن مېۋە بەرگەن گۈزەل چاغ .

ئۆكۈنمەيمەن « ئەمدى ياشلىق كەتتى » دەپ ،
(ئارمانلىرىم ۋۇجۇدۇمدا كۆپتى دەپ . )
ئېچىلدۇرۇپ يېڭى ھايات گۈلىنى ــــ
قىسىۋالساق ، بىزدە يەنە نېمە گەپ !

1993 ـ يىل 1 ـ يانۋار ، يەكەن

## ھىلال ئاي

ئانىلاردەك كۆيۈمچان ۋە مېھرلىك ،
نازىنىندەك چىرايلىق ھەم سېھرلىك .
ئىشق ئوتى تۇتىشىدۇ قەلبىمگە ،
ساما ئۆزرە باقساڭ ماڭا جىلۋىلىك .

تۇن قاپقارا پەرەنجىنى ياپقاندا ،
كۆك ئاسماننىڭ گۈمبىزىدە مەۋجۇتسەن .

كارۋان ئۆچۈن يول باشلايسەن كېچىدە ،
مەنزىلنى دەپ لاۋۇلدىغان چوغ ـ ئوتسەن .

سۈتتەك ئاپئاق مېھرىڭ جۇلا تاشلىسا ،
قاچار ئۇندىن ئۆركۈپ تۈننىڭ لەشكىرى .
جامالىڭدىن پاك ۋۇجۇدۇم نۇر ئەمسە ،
قاناتلىنار شۇدەم قەلبىم كەپتىرى .

## بىر سۈرەتكە تېز سىزما

چاچلىرىغا قونۇپتۇ قىرو ،
كەچمىشلەردىن بېرىپ بېشارەت .
چىرايىدا ساناقسىز قورۇق ،
چىغىر يولدەك تۇرىدۇ رەت ـ رەت .

بىر نۇقتىغا تىكىلەر ئويچان ،
ياشلىقىنى ئېلىپ ئېسىگە .
يىگىتلىكى قالدىمۇ ئەسلەپ ،
ھەۋەس قىلىپ ئايسىز كېچىگە .

كۆزلىرىدىن چاقنايدۇ ئۈمىد ،
يۈرىكىدە بىر ئوتلۇق تىلەك .

چىغىر يولدا ماڭىدۇ يىللار ،
ئۇ ھاياتنىڭ سوۋغىسى دېمەك .

## خىلۋەت بۇلاق

بار ئېسىمدە خىلۋەت بۇلاق بويلىرى ،
جانان بىلەن پىچىرلاشقان يېقىملىق .
چېكەتكىنىڭ سايراشلىرى ئۆزگىچە ،
تەڭكەش بولغان يۈرەكلەرگە رىتىملىق .

سەيلە قىلىپ ئارىلىغان گۈل ـ چىمەن ،
بۇ ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ شاھىتى .
ئاشىق ھەرگىز مەشۇقىغا قانمىغان ،
كىمدىن قالغان قىسسىلەركىن بۇ زادى ؟!

1993 ـ يىل 20 ـ ماي ، يەكەن

## باھار زوقى

قۇتلىغاچقا باھار ئانا يۇرتۇمنى ،
يېشىللىققا پۈركەندى كەڭ داللار .
زوقلاندۇرار تال ـ چىۋىقنى ئات ئېتىپ ،
مەھەللىدە ئويناۋاتقان باللار .

باھار بىلەن ھۆسن تۈزدى ھەممە ياق ،
يېشىل دۇنيا دىلدا ئىلھام قوزغايدۇ .
ھالال تەردىن بەخت گۈلى قىسقانلار ،
ئېتىزلاردا شاد ناخشىلار تووۋلايدۇ .

كۆرۈندۇ يۇرتۇم گۈزەل سۈرەتتەك ،
ئۇنى گۈزەل قىلغان ئىشچان بىلەكلەر .
باغ ئارىلاپ سەلكىن سۆيۈپ ئۆتكەندە ،
تاتلىق ھېستا قىزىرار ئاق چېچەكلەر .

كائىناتقا بەرگەچ باھار گۈزەللىك ،
تاغدا كەكلىك ، باغدا بۇلبۇل سايرايدۇ .
يېشىللىققا تولغان دالا قوينىدا ،
ھايات دەريا قاينىمدەك قاينايدۇ .

يىراقلاردىن ئېقىپ كەلگەن ئويناق سۇ ،
مايسىزارلىق ئېتىزلارغا ئاقماقتا .
سۈچى يىگىت خىيالىدا كۆپ ئارمان ،
مايسىلارغا ئۈمىد بىلەن باقماقتا .

باھار بىلەن قۇتلاپ يېڭى ھاياتنى ،
بىز ئوينايلى كۈندە مەشرەپ ، كۈندە توي ،

باھار شۇنداق ئىلھام بەرسە شائىرغا ،
يازماي نېچۇن يېڭى داستان ، يېڭى كۈي ؟!

## شائىرلىقىم

شائىرلىقىم يازار ئۇپۇققا ،
ئۆز ئىسمىمنى ئالتۇن ھەل بىلەن .
تۇيغۇلىرىم يېتەكلەر مېنى ،
قوشۇلغاچقا ئۆركەش - سەل بىلەن .

جاپا چېكىپ تۆككەن تەرلىرىم ،
مۇشۇ يولدا زەر دەپ ئاتالدى .
سېھرى بىلەن شوخ مىسرالىرىم ،
قەلبلەردىن خاس ئورۇن ئالدى .

بىر مەنزىلنى ماڭىدۇ كۆزلەپ ،
تاڭدەك گۈزەل ، تاڭدەك پاك تۇيغۇ .
ئۆمۈرۋايەت قىسسىلەر سۆزلەپ ،
كۆزلىرىمدىن قاچىدۇ ئۇيقۇ .

كۆزلىرىمدىن قاچىدۇ ئۇيقۇ ،
شائىرلىقتىن بېشارەت بېرىپ .
مۇھەببەتنىڭ يالدامىسى بۇ ،
چاھارباغدا يۈرگەندەك غېرىپ .

چاھارباغدا يۈرگەندەك غېرىب،
پەلسەپىۋى پىكىر ئىزدەيمەن.
پىكىرلىرىم گۈزەللىك بەرسە،
بىر يارامتلىق شېئىر كۆزلەيمەن.

پىكىرلىرىم سەنەمدۇر سەنەم،
مىسرالىرىم غېرىبنىڭ ئۆزى.
مەنزىلگاھقا يەتمىسە قەدەم،
ئەخمەدنىڭ يۇمۇلماس كۆزى.

## ئاشىقلىق

گىرىم قىلىپ ئاسمان ئۆزىگە،
يۈرىكىگە ياقتى ئوت زېمىننىڭ.
ئوتتۇرىسىدا پەرەنچە بۇلۇت،
ئەلچى بولۇپ،
ئىككىسىگە تىلەيدۇ شان ـ قۇت،
ئۆركەشلىگەن دەريا ـ دېڭىزلار،
يېشىمىكەن ئاشىق زېمىننىڭ.

## ئەجەبا

چۈشۈپ قالسا ماڭا ھاجىتىڭ،
چىڭگىلىكتەك كەتتىڭ ئېگىلىپ.

ئۈششۈك تەگكەن يوپۇرماق كەبى ،
ئايىغىمدا ياتتىڭ تۈگۈلۈپ .

ئەمىلىمدىن قالغان چېغىمدا ،
بولۇۋالدىڭ قاراپمۇ قويماس .
بىلىپ قويغىن لەغمەن يېگەندە ،
بۇرۇن ئىچكەن ئۈماچ ئۇنتۇلماس .

1993 - يىل ئىيۇن ، يەكەن

## ئۈچ شېئىر

### خەت ئەۋەت

ئۇدۇلۇمدىن ئۆتسەڭ ھەر قېتىم ،
نېچۈن يەرگە قاراپ ماڭسەن .
يا سەۋەنلىك ئۆتكۈزمىدىڭ ھېچ ،
ئېيتقىن ، زادى قانداق بالسەن ؟

گەر كۆزىمىز قالسا ئۇچرىشىپ ،
يېتىرقاپلا كېتسەن چۆچۈپ .
چۈشلىرىڭگە كىرگەن بولسام بىر ،
ساڭا ئىسسىق قالدىمۇ ئۆتۈپ ؟

ھېچ بىلمىدىم ، شۇنداق قىلىشىڭ ،
ھېسلىرىمنى ئويغاتتى قەۋەت .

ماگا بولسا كۆكۈل خاھىشىڭ ،
ئىككىلەنمەي « سالام خەت » ئەۋەت .

## ئەنسىرەيمەن

ماختاپ كەتتىڭ مېنى پەرىشتەم ،
خەتلىرىڭدە « ئۆزۈڭ باتۇر » دەپ .
سەمەندەردەك ئوتنىڭ ئىچىدە ،
ياشىغىنىم يامان بولدى زەپ .
سېغىنىشىم ھۇۋۇلاپ بۆرىدەك ،
قارىچۇقۇمدىن سىرغىيدۇ مارجان .
مىڭ قۇياشنىڭ تەپتى بار ئاتەش ،
يۈرىكىمدە سەن ئۈچۈن جانان .

ئىشىنىمەن ۋىسال بەتلىرى ،
ئېچىلىدۇ بىز ئۈچۈن كەگرى .
يېزىلىدۇ تۈمەن مىڭ داستان ،
ئاشۇ بەتكە قۇت بەرسە تەگرى .

بۇ كەمگىچە ۋەسلىڭنى ئىزدەپ ،
كەلدى جېنىم ئىچىم سىيرىلىپ .
ئەنسىرەيمەن دىدارلاشقان چاغ ،
كەتمىسكەن يۈرەك يېرىلىپ .

## يورۇقلۇق ئۈچۈن

چىللىغانغا قەدەر خورازلار ،
يۈدۈپ ماڭدىم قۇياشنى مەغرۇر .
ئۇيۇقىغا ئاتتىم شەرقىنىڭ ،
چاچراپ چىقتى ئۇندىن ئوتقاش نۇر .

ھەر كۈندۈزدە ساقلاپ ياتىمەن ،
كۈنپېتىشقا بېرىپ قۇياشنى .
خوراز بەلگە بەرسە ئاتىمەن ،
كۆزلىرىدىن ئاقتۇرۇپ ياشنى .

مۇساپىلەر بىلىنمەس ئۇزۇن ،
ئارمانلىرىم بولغاچقا پۈتۈن .
ئىچ - ئىچىمدىن سېزىپ مىڭ راھەت ،
مەن ياشايمەن يورۇقلۇق ئۈچۈن .

1993 - يىل ئىيۇل ، يەكەن

## قۇياش

پاك روھىمدىن يارالغاندا تاڭ ،
ئۇيۇق تامان ئىزدەڭلار مېنى .

مەن ھەققىدە باشلانغاندا گەپ ،
قىسسە قىلىپ سۆزلەڭلار مېنى .

قىسسە قىلىپ سۆزلەڭلار مېنى ،
بىلىپ قالسۇن ئەسلىمنى خەقلەر .
يۈرىكىمنى مۇجۇسا سۈكۈت ،
شادلىنىدۇ شۇندا بەتبەختلەر .

ھالقىپ تاغنىڭ چوققىلىرىدىن ،
ياراتتىمەن مىڭلاپ ھاتەمنى .
نۇرلىرىمنى تارىتىپ ھەريان ،
مەڭگۈ يورۇق قىلاي ئالەمنى .

1993 ـ يىل 20 ـ ئاۋغۇست ، قەشقەر

## سەھەرنىڭگە تىلەيمەن بەخت

تاڭ سەھەردە سۆيدۈم ئۇپۇقنى ،
قان رەڭگىدە قىزاردى لېۋى .
ھەر قەدەمدە تاپتىم ئۇتۇقنى ،
رەقىبىمنى قىلىپ ھەجۋىي .

خورازلارمۇ كەتتى ئالقىشلاپ ،
گىرە سالسام ئۇتۇق بوينىغا .

لەۋلىرىمگە سۆيدى يېڭىشلاپ ،
سەلكىن شامال ئېلىپ قوينىغا .

تۇرار ھەربىر خەيرلىك ئاخشام ،
سەھىرىمگە تىلەپ بەخت ـ قۇت .
يۈرىكىمدە يېنىپ سانسىز شام ،
شان ـ شەرەپنى قىلار تەۋەللۇت .

شان ـ شەرەپنى قىلار تەۋەللۇت ،
ئىشچانلىقىم ـ تىرىشچانلىقىم .
قارىغاي كەبى تۇرىمەن مەزمۇت ،
بۈگۈنكى ئاساس بولغاچ ياشلىقىم .

پوسكام ، 1993 ـ يىل 23 ـ ئاۋغۇست

## دىلبەرگە سۆز

ئايدىن ئۆرنەك ئالغان ئورغاق قېشىڭغا
سايلىقمەن .
تاش ئاتقاندا سۆيگۈمىزگە رەقىبلەر ،
شاختا ئەمدى پەيدا بولغان غورىدەك
ئاچچىقمەن .
ۋىسالىڭغا قېنىپ ئۆتسەم بىر ئۆمۈر ،
پاھ ، چېچىڭغا شېكەر ـ ناۋات سالغاندەك

تاتلىقمەن .
سېنىڭ ئۇچۇن مۇھەببەتلىك سەپەردە ،
ئاتقا مىنىپ ئۇچقۇر قانات شامالدەك
ئاتلىقمەن .
كۆرەلمەسلەر شۇمبۇيىدەك ئۇنگەندە ،
جان ئالغۇچى ئەزرائىلنىڭ ئورنىدا
مىلتىقمەن .

## ناخشامنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ تاغلار

قىيا تاغ ئۈستىدە تۇرىمەن تەنها ،
يىراققا ئۈمىدلىك كۆزۈمنى تىكىپ .
ناخشامنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ تاغلار ،
توۋلىسام جاراڭلىق ئاۋاز چىقىرىپ .

تاغلارمۇ ياڭراتسا مېنىڭ ناخشامنى ،
چولپانلار ئاڭلايدۇ شۇچاغ مۈگلىنىپ .
بۇلۇتلار ياش تۆكۈپ ئۆكسۈيدۇ تىنماي ،
شۇ ياڭراق ئاۋازىم كۆككە ئاڭلىنىپ .

قۇياشمۇ يۈزىگە ياپار لېچەكنى ،
نازاكەت ئىلكىدە ماراپ يوچۇقتىن .

كېچىسى ئايمۇ ھەم ئۆتەر دالدىغا ،
ناخشامنى ئاڭلاپ ئۇ يىراق ـ يىراقتىن .

مەن شۇنداق داۋاملىق ناخشا توۋلايمەن ،
ناخشىسىز ھاياتىم ئۇ ماڭا بەربات .
رەقىبىنىڭ كۆكسىگە خەنجەر شۇ ناخشام ،
ئۇچىمەن ناخشىدىن چىقىرىپ قانات ،

1993 ـ يىل 31 ـ ئاۋغۇست ، يەكەن ـ بەشكەن

## يۇلتۇزلارمۇ چۇشتى ساماغا

سايراپ كەتتى بۇلبۇل كەبى يېقىملىق ،
مۇقاملارغا تەمبۇر ، غېجەك ، سۇنايلار .
زىنھار ئۆچمەس چىرايىدىن تەبەسسۇم ،
ئاڭلىغاچقا باللار ، چال ، مومايلار .

بۇ خۇشاللىق نورۇز ـ ئايەم كۈنىدە ،
شادلىقىدىن تۆكتى ئايمۇ يېشىنى .
باش باھارنىڭ ئەييامىدا دېھقانلار ،
يېگۈۋاشتىن باشلىۋەتتى ئىشىنى .

يۇرتۇم گۈزەل كېلىنچەكتەك سۇمباتلىق ،
گۈزەللىكىنىڭ شاھىتى گاڭ بىلەكلەر .

كەڭ دالىنىڭ سەلكىنلىرى چېچەكنى
سۆيۈپ ئىشقا ئاشار ئوتلۇق تىلەكلەر .

يۇلتۇزلارنىڭ ساماسىغا قوشۇلۇپ
تاغدا كاككۇك ، باغدا بۇلبۇل سايرىدى .
ئوتلۇق كۆزلەر بىر نىشانغا تىكىلىپ ،
ۋىسال تاپقاچ دىللار ئەجەب يايرىدى .

ھېيت ـ ئايەم كۆڭلىرىدەك بۇ ھالەت ،
ئۆي ـ ئۆيلەردىن شورپا ھىدى پۇرايدۇ .
ناخشىچى قىز يىگىتىنى سېغىنىپ ،
ئاسماندىكى تولۇن ئايدىن سورايدۇ .

ئاسماندىكى تولۇن ئايدىن سورايدۇ ،
ۋە بەزىدە شاماللارغا يېلىنىپ .
پىنھان بىلىپ دېمىسىمۇ گېپىنى ،
قالىدىكەن كۆزلىرىدىن بىلىنىپ ،

1993 ـ يىل 8 ـ ئۆكتەبىر ، يەكەن

## ياشلىقىم

قاي سەنەمنى ئوتقا سالدىڭ كۆيدۈرۈپ ،
شاش تۇلپاردەك كىشنەپ تۇرغان ياشلىقىم .

مەنزىلسىرى كۆۋەجىگەن دولقۇندەك ،
قىرغاق سۆيۈپ مەۋج ئۇرغان ياشلىقىم .

بۇلۇتلارغا ئارتىپ تۇمەن ئارماننى ،
چاقماق چېقىپ ئۆتكەن گۈزەل ياشلىقىم .
ئاخشاملىرى سۇتتەك ئايدىڭ كېچىدە ،
لىرىك كۈيدىن پۈتكەن غەزەل ياشلىقىم .

تولۇن ئاينى مەستخۇش ئەيلەپ خىرامان ،
يۇلتۇزلارغا قاش ئوينىتقان ياشلىقىم .
چىمەنلەردە قانچە كۈيچى بۇلبۇلغا ،
ۋىسال بېرىپ چاڭىلداتقان ياشلىقىم .

تەڭكەش بولۇپ شاۋقۇنىغا دەريانىڭ ،
بېلىقلارغا سوئال قويغان ياشلىقىم .
تىكلەپ مەڭگۈ يىمىرىلمەس ئابىدە ،
ئۆز ۋەزىنىنى تاشقا ئويغان ياشلىقىم .

ئارمانلارنى ئېسىپ قۇياش بويىنىغا ،
ئاي شارىغا سەپەر قىلغان ياشلىقىم .
مىنئۆپلىپ تاڭشۇرۇلغان دۇلدۇلغا ،
مەنزىل ئۇچۇن شوخ چاپچىغان ياشلىقىم .

# تەڭلا ياشاپ تەڭلا قېرىساق

بۇ كوچىلار ئازادە، خىلۋەت،
قول تۇتۇشۇپ قىلايلى سەيلى.
پۇرسەت كۈتۈپ كەلگىنە بىر رەت،
ساڭا تالىق پېقىرنىڭ مەيلى.

دىدارلىششىش بولمىدى نېسىپ،
شۇم ھىجراندا يىغلايدۇ يۈرەك.
قىسمەتلەرگە ئىسىت، ۋاي ئىسىت،
زۇلۇم ئىكەن ئىنسانغا كۆيەك.

ساڭا بولغان ئىشقىم ــ ئەقىدەم،
پاك بەستىمگە سالدى بىتابلىق.
گۈل قامىتىڭ، خۇشخۇي ھالىتىڭ،
تالاي ھۇجۇم قىلدى نىقابلىق.

شاماللاردىن خەۋەر ئەۋەتتىم،
پەرىشانلىق ھالىمنى سۆزلەپ.
نان ئورنىغا غەمنى يېۋەتتىم،
ۋىسال قۇچۇش پەيتىنى كۆزلەپ.

سەمەندەردەك قالدىما ھەيھات،
كەڭ ئالەمچە ئوتنىڭ ئىچىدە.

ئۆتۈۋەردى بۇ ئەزىز ھايات ،
سۆيۈش ئىزدەپ ئايسىز كېچىدە .

مەن تەڭرىدىن تىلەيمەن شۇنى ،
كەڭ جاھانغا سۆيگۈ تېرىساق .
ۋىسال بەرسە بىزگە بىر كۈنى ،
تەڭلا ياشاپ تەڭلا قېرىساق .

1993 ـ يىل 10 ـ ئۆكتەبىر ، مەكىت ـ قىزىلئاۋات

## سۆزلەرسەنمۇ مەن ئۆلۈپ كەتسەم

( ئايالىمغا نەزىرە )

سۆزلەرسەنمۇ باشقىلارغا دەرد تۆكۈپ ،
ئۆلۈپ كەتسەم ھېكايەمنى بىر ـ بىرلەپ .
سۆزلەرسەنمۇ شوخلۇقۇمنى ، كۈلكەمنى ،
پاك ئىشقىڭدىن قويدۇڭ مېنى سېھىرلەپ .

سۆزلەرسەنمۇ قىسمىتىمنى ، بەختىمنى ،
چۆچەك قىلىپ بالىلىرىمغا ئايدىڭدا .
تاتلىق كەچمىش ئۇنتۇلمايدۇ مەڭگۈگە ،
ھەممىنى ئېيت بولۇپ قالسا يادىڭدا .

سۆزلەرسەنمۇ قامىتىمنى، چېھرىمنى،
يۇلتۇزلارنى «كۆك» شەھرىگە قىلىپ جەم.
سۆزلەرسەنمۇ ساڭا بولغان مېھرىمنى،
داستان قىلىپ غېرىبسىنىپ چېكىپ غەم.

سۆزلەرسەنمۇ تۇندە ئۆكسۈپ ياش تۆكۈپ،
خىيالىڭغا كېلىپ قالسام سۆيگەننى.
سۇرىتىمگە قاراپ كۈندە نەچچە رەت،
سەبىيلىكتە قولتۇقلىشىپ يۈرگەننى.

سۆزلەرسەنمۇ مېنىڭ شائىرلىقىمنى،
ئاداققى دەم شۇ ناتونۇش نەۋرەمگە.
مەيلى سۆزلە كۆپكە ماھىرلىقىمنى،
ئارزۇيۇم شۇ بىرىپ تۇرغىن قەبرەمگە!

## باللىق چاغ ئەجەب گۈزەل ـ سۇمباتلىق

باللىق چاغ ئەجەب گۈزەل ـ سۇمباتلىق،
تالاي ـ تالاي شوخلۇقلارنى قىلغان بىز.
ئايدىڭلاردا تىنىم تاپماي مۆكۈشمەك ــــ
ئويناپ ئۈندىن ئۈنتۇلغۇسىز قالغان ئىز.

باللىق چاغ ئەجەب گۈزەل ـ سۇمباتلىق،
پادا باققان ناخشا ئېيتىپ دالىدا.

ئەركىلەيتتۇق مەگزىمىزگە سۆيگەندە ،
تاتلىق ھېسلار قوزغاپ ئاتا ـ ئانىدا .

بالىلىق چاغ ئەجەب گۈزەل ـ سۈمباتلىق ،
ئوخشايدىكەن ھەممە ئۆتەر كېچىككە .
ئەبەدىيلىك ئالىمدە چوڭلاردىن ،
مىراس بولۇپ قالىدىكەن كىچىككە .

بالىلىق چاغ ئەجەب گۈزەل ـ سۈمباتلىق ،
نەقىش چەكتى پاسون تۈزگەن ھاياتقا .
ياشلىق چىراي ئاچقىنىدا كۈچ بەردى ،
بالىلىقىم ئەمدى ئۇچقۇر قاناتقا .

بالىلىق چاغ ئەجەب گۈزەل ـ سۈمباتلىق ،
ھاياتىمغا مەنە بەرگەن ـ قۇت بەرگەن .
ئېتىكىمنى كەڭرى ئېچىپ ياشلىقتا ،
خۇش پۇراقلىق گۈلدىن تۈمەن خىل تەرگەن .

1994 ـ يىل 24 ـ يانۋار ، يەكەن

## ئەقلىمىزدىن يارالغاندا تاڭ

ئەقلىمىزدىن يارالغاندا تاڭ ،
چىللاپ كېلەر ۋىجدان خورىزى .
تۆھپىسىگە مېھىر تۆكىدۇ ،
تەبەسسۇمدا ئاسمان گۈمبىزى .

ئەقلىمىزدىن يارالغاندا تالڭ ،
ئېچىلىدۇ ھاياتنىڭ گۈلى .
ناۋا ئەيلەر شۇ گۈل ئىشقىدا ،
ئەقىدىنىڭ كۆيچى بۇلبۇلى .

ئەقلىمىزدىن يارالغاندا تالڭ ،
تەبىئەتنىڭ ئاياندۇر سىرى .
چاقناپ دىلدا ئارمان يۇلتۇزدەك ،
ھايات ئۆتەر شۇ مەنزىلىسىرى .

ئەقلىمىزدىن يارالغاندا تالڭ ،
جاھان بىزنى بىلىپ قالسا بەس .
سۈت ئۇيقۇدا ياتسۇن رەقىبلەر ،
تۆھپىمىزدىن بولۇپ غەرق مەس .

## ئارمانلىرىم قۇچاقلايدۇ دولقۇننى

قىرغاق سۆيۈپ شاۋقۇنلىغان دولقۇننى ،
قۇچاقلايدۇ ئارمانلىرىم تىنىمسىز .
رەڭ پۈركۈيدۇ چۆل ھۆسنىگە سىن بېرىپ ،
قىزارمايدۇ چۆلدە يۇلغۇن قېنىمسىز .

يۈكسەكلىكتە تەگدىشى يوق قەلبىمنىڭ ،
قات - قېتىغا مۆكۈنەر كەڭ كائىنات .
يۇلقۇندۇ شاش ئىستەكلەر ، ئوت ھېسلار ،
كۆكرەك ئارا ئىزدەپ بەخت ، قۇت ھايات .

مەنزىلسىرى كۆۋەجىگەن شاش دولقۇن ،
ناخشىسىنى جەزىرىگە تاراتقان .
ئاق قەغەزدەك مۇنبەت زېمىن ئۈستىگە ،
ئىلاھ ئۇنى گىياھ ئۇچۇن ياراتقان .

1994 ـ يىل 3 ـ ئاپرېل ، يەكەن

## قۇياش ئوغلىمەن

ئاھ ، پەرىشان ھالىمغا قاراپ ،
ياش تۆكىدۇ بۇلۇتلار غەمكىن .
قۇياش چىقسا يوچۇقتىن ماراپ ،
خۇشاللىنىپ بولىمەن تەمكىن .
چۈنكى ، ئۆزۈم تاغدا تۇغۇلغاچ ،
نۇرغا ئاشىق پۈتكۈل ھۇجەيرەم .
ھايات ماڭا قىممەتلىك بولغاچ ،
قۇياش ئانام ـــ ئانام مۆھتەرەم .

1994 ـ يىل 9 ـ ئاپرېل ، يەكەن

# ئىسمائىل سېكىلىرى

## كېچە

خۇيلىنىدۇ نومۇسچان ھىلال ،
مەن يۇلتۇزغا ئاتقىنىمدا قاش .

يۈرىكىمنى چۇشەنگەن كەبى ،
بۇلۇت ئۆكسۈپ قىلىدۇ كۆز ياش .

تەنھا بۇلاق ئېيتار لىرىك كۈي ،
شۇ جىمجىتلىق بۇزۇپ تاشلىنىپ .
ھىلال ئۇندا يۈيۈندى مەغرۇر ،
چىللاپ تاڭنى ھايات باشلىنىپ ،

## بۇلۇتلارغا سۆز

ئاي ، يۇلتۇزنى توسماڭلار ،
يورۇق چۈشسۇن ئالەمگە .
ئارام ئېلىپ ئۇخلاڭلار ،
ئۇۋال قىلماي ئادەمگە .
نەم قىلماڭلار كېچىدە ،
قىزىلگۈلنىڭ يۈزىنى .
ئېيتىۋالسۇن ئىچىدە ،
بۇلبۇلىغا سۆزىنى .
ياش تۆكمەڭلار ، تۆكسەڭلار
يارىم تۆكەر كۆز يېشى .
دەھشەت سېلىپ ئۆتمەڭلار ،
ئاغرىنىدۇ ھەر كىشى .

## ئاي

قۇياش پەرى شۇنداق گۈزەل بولغاچقا ،
يۇلتۇزلارنى مارجان قىلىپ ئاستى ئاي
بەسلىشىپ .
ئۆزى كۆرمەي يۈزىدىكى داغلارنى ،
دەر ماختىنىپ : « مەن ئەجەبمۇ خۇش چىراي »،
سەتلىشىپ .

## خوراز

تاڭ ئەلچىسى دېگەن نامىڭ بار ،
ئەل قەلبىگە ئورناشقان مەڭگۈ .
مېنى جەڭگە چىللايسەن ھامان ،
يۈرىكىمدە ياندۇرۇپ سۆيگۈ .

ئاۋازىڭمۇ يېقىملىق شۇنچە ،
مۇقامدەكلا ئاڭلىنار ماڭا .
كۈندە قىلغان خىزمىتىڭ ئۈچۈن ،
ئاشار ھۆرمەت ـ ئەقىدەم ساڭا .

ئاسمان قىزى سۇمباتلىق قۇياش ،
چىقار خۇشخۇي ئۈنۈڭنى ئاڭلاپ .

ئاشۇ ئېسىل خىسلەتلىرىڭنى ،
ھەممە جايدا كېتىمەن داڭلاپ .

1994 - يىل 7 - سېنتەبىر ، قەشقەر

## ھەقىقەت

ھەقىقەتنىڭ مەنىسى بىگىز ،
ياتماس شۇڭا خالتىدا ھەرگىز .
مۆتىۋەرلىك ، گۈزەللىكتە ھەم ،
بوسۇغىسى ھەممىدىن ئېگىز .

ھېچ نەرسىدىن تالاشماس شۆھرەت ،
يالتىرىغان شەمشەر ھەقىقەت .
كەڭ جاھاننى يورۇتار تولۇق ،
بۇ خىسلەتنى تۇغقاچ تەبىئەت .

## ئەتە ئۈمىد ، ئەتە گۈل - چېچەك

يىراق جايدا كۆز قىسار مەنزىل ،
پارلاپ تۇرغان قۇياشتەك چاقناپ .
مۇساپىلەر تىلەيدۇ قەدەم ،
يىل - ئايلارنى ئۆتكەندە قاتلاپ .

ساىه كەبى بىر گۈزەل ئارمان ،
ئەگىشىدۇ تۆت پەسىل ئوخشاش .
بۇ ھاياتنىڭ سىمفونىيىسى ،
يۈرەك بىلەن ئەسلىي رىتىمداش .

كۆكلەپ كەتسە كۆكلۈل دەرىخى ،
ۋىسال قۇشى سايرايدۇ قونۇپ .
خۇشاللىقتىن كىشنەيدۇ يۈرەك ،
قەپىسدە داۋام يۇلقۇنۇپ .

چاچراپ چىقار مۇشۇ دەقىقە ،
يۈرەكلەردىن يېڭىچە تۇيغۇ .
چىرايلاردىن پارلاپ تەبەسسۇم ،
ھارپا كەچتە كەلمەيدۇ ئۇيقۇ .

ئەتە ئۈمىد ، ئەتە گۈل ـ چېچەك ،
سالماق قەدەم تاشلايدۇ ھەممە .
ئېيتقىنا دوست يېڭى بىر يىلدا ،
مەنزىلىسىرى ئويلىدىڭ نىمە ؟

1995 ـ يىل 9 ـ يانۋار ، يەكەن

## ئەقلىمىزدىن ئىككلەيلى مۇنار

ئادەم قىلىپ ياراتتى بىزنى ،
قۇدرىتىدىن زېمىنغا تەگرى .
ئاتا قىلدى كۈچ ـ جاسارەتنى ،
بەردى يەنە نېمەتنى كەگرى .

بەردى ئەقىل ، ۋىجدانىنىمۇ ھەم،
بىزگە تولۇق ئانا تەبىئەت .
قوينى مۇنبەت قەدىردان تۇپراق ،
زاكات بەردى مۇھەببەت ـ نەپرەت .

ئادەم بولدۇق كۈچ بار ، يۈرەك بار ،
تەبىئەتنى ئەگدۈرگۈدەك باش .
ئەقلىمىزدىن ئىككلەيلى مۇنار ،
يارالمىشتا ھەممىمىز ئوخشاش .

## « جاننى قۇربان قىلاي » دېگىنىڭ ...

سەيلە ئۈچۈن ماڭدۇق ياندىشىپ ،
يول ئۈستىدە مۇڭلۇق سىردىشىپ .
تۇساتتىنلا « ھاۋ » قىلىپ ياندىن ،
قاۋاپ كەلدى بىرلا ئىت چىقىپ .

قورقۇپ كېتىپ ئارقامغا ئۆتۈپ ،
مېنى ئىتقا بەردىڭ ئىتتىرىپ .
چىشلىۋالدى پۇتۇمنى « دوزاخ »،
ئاشۇ يېرى كەتتى بەك ئىششىپ .

ئەسكە چۈشتى ھېلىقى سۆزۈڭ :
« سەن ئۆلگۈچە مەن ئۆلەي جېنىم ،
ساڭا كەلگەن ئەلەم ـ كۈلپەتلەر ،
ماڭا كەلسۇن ، مەن كۆرەي جېنىم » .

« ئۆلۈش » دېگەن ئۇياقتا تۇرسۇن ،
ئىتقا مېنى قىلدىڭ دەپسەندە .
« جاننى قۇربان قىلاي » دېگىنىڭ ،
ئاغزىڭدىكى قۇرۇق گەپكەندە ؟

1995 ـ يىل 15 ـ يانۋار ، يەكەن ـ قىزىلئاۋات

## ئۇيغۇر قىزى

ئەگىم ئايغا ئوخشايدۇ قېشىڭ ،
تۈندە روشەن نۇر چېچىپ تۇرغان .
مېھرىڭ بىلەن مېھرىم تۇتاشتى ،
مەن گۈلۈڭمەن بوراندا سولغان .

ئۆزۈڭ لەۋەن ، قىلىپ تەكەللۇپ ،
سەن ئۇزاتتىڭ ماڭا قايناق چاي .
ئىچ - ئىچىمدىن ئۇرغۇدى شادلىق ،
يۈرىكىمدىن ئالدىڭ ئورۇن - جاي .

مېھرىڭدە بار ئەي ئۇيغۇر قىزى ،
تەبەسسۇم ۋە نازى قۇياشنىڭ .
مۇھىم مەنە بار دەك قىلىدۇ ،
يەر تېگىدىن نازلىق قاراشنىڭ .

1995 - يىل 20 - يانۋار ، يەكەن

## باھار ئەتىگىنى

خوراز ئەزان ئېيتسا تاڭ سەھەر ،
قۇياش سالام بېرەر زېمىنغا .
ئەتراپ گۈزەل ، سالقىن شۇ قەدەر ،
قۇۋۋەت ئاتا قىلار زېھنىغا .

تەكرارلىنىپ كۈندە بۇ ئادەت ،
ئالتۇن نۇرغا بۆلەندى بەستىم .
شۇنىڭ ئۆزى ماڭا چوڭ ئامەت ،
نۇر قوينىغا سىڭىپلا كەتتىم .

ۋىچىرلايدۇ باھار قۇشلىرى ،
نە قۇشكى ئۇ قەلبىم ھېسلىرى .
يېنىك ـ يېنىك كېلەر ئىزغىرىن ،
نە ئىزغىرىن ، ئۈمىد بىخلىرى .

شىلدىر ـ شىلدىر سۇلار كۈي قېتىپ ،
مەنزىل تامان ئاقار چىمەندە .
پاھ ، ھۇزۇرلۇق دەملەرمۇ يېتىپ ،
تاتلىق ئىلھام قوزغىدى مەندە .

ئاھ ، ئەجەبمۇ گۈزەل تاڭ سەھەر ،
گىرىم قىلار شۇندا تەبىئەت .
پەرى كەبى سەھرا ۋە شەھەر ،
ھەر قەلبتە قوزغاپ مۇھەببەت .

## ئەگرى سۆگەت

گۈزەل يېزام ، يىراق سەھرادا ،
سۆگەتلىك بار شۇنچە باراقسان .
بىر سۆگەتكە ئويۇلغان ھېكمەت ،
كۆتۈرۈلمەس ئەستىن ھېچقاچان .

شۇ سۆگەتكە قويغانتۇق ئويۇپ ،
ئىسمىمىزنى قىلىپ يانمۇيان .
ئاشۇ ئويۇق سۆزلەر رىۋايەت ،
ئىشقىمىزنى قىپ بۇندا بايان .

يوغىناپتۇ سۆگەت ئاجايىپ ،
كېتىپتۇ ھەم ھەر يانغا شاخلاپ .
لېكىن ، ئويۇق ئۆچمەپتۇ قىلچە ،
ئۆتسە ۋاقىت قانچە يىل ئاتلاپ .

ئاشۇ سۆگەت ئۆسۈپتۇ ئەگرى ،
روشەنلىشىپ ئۇندىكى ئويۇق .
شۇ سۆگەتتەك بىزنىڭ سۆيگۈمىز ،
يىلدىن ـ يىلغا بولىدۇ قويۇق .

ياشاپ كەتسۇن شۇ ئەگرى سۆگەت ،
تارىخ بولۇپ پۈتۈلسۇن قايتا .
دەرد كەلمىسۇن يىلتىزلىرىغا ،
چىقار يەنە بىخ سۈرۈپ نوتا .

1995 ـ يىل 2 ـ فېۋرال ، مەكىت ـ قىزىلئاۋات

## مەن ئۆزۈمنى قويدۇم يىتتۈرۈپ

مەن ئۆزۈمنى يىتتۈردۇم بۈگۈن ،
نىگاھلاردىن كۆرۈپ تەبەسسۇم .

قارىچۇقلاردىن ئىزدەڭلار مېنى ،
ئېچىلغاندا ياشلىق گۈللىرىم .

مەن ئۆزۈمنى قويدۇم يىتتۇرۇپ ،
ئەسىر بولۇپ سەرۋى قامەتكە .
سۇمبۇل چاچقا كەتتىم يۆگىشىپ ،
ئېرىشكەندەك غەيرىي ئامەتكە .

مەن ئۆزۈمنى يىتتۇردۇم بۈگۈن ،
ئارىسىدا ئەگىم قاشلارنىڭ .
يامغۇر بولۇپ سىڭدىم گوياكى ،
تۇپرىقىغا باغرى تاشلارنىڭ .

مەن ئۆزۈمنى يىتتۇردۇم بۈگۈن ،
قۇياش بىلەن نەدىلىكىمنى .
ئادرېسىمنى يازدىم ئۇپۇققا ،
تاشلاپ بۇندا سەببىلىكىمنى .

1995 ـ يىل 7 ـ فېۋرال ، يەكەن

# ياشلىقتىكى يارقىن كۆلەڭگىلەر

## مەن ئۇپۇققا سوزدۇم قولۇمنى

مەن ئۇپۇققا سوزدۇم قولۇمنى ،
پاك بەستىمگە پاك نۇر تارالدى .

ئالىقىنىمغا ئالدىم گۈلۈمنى ،
يۈرىقىدىن سۆيگۈ يارالدى .

مەن ئۈپۈققا سوزدۇم قولۇمنى ،
سىلكىگەندە تەپەككۇرۇم پەر .
ئويلىمىدىم قىلچە ئۆلۈمنى ،
قەدىرلىگەچ مېنى ئەزىز يەر .

مەن ئۈپۈققا سوزدۇم قولۇمنى ،
شادلىقىدىن چىراي ئاچتى تاڭ .
نۇر يورۇتتى ئوڭ ۋە سولۇمنى ،
يۈرىكىمدە قوزغاپ ئىزگۈ ئاڭ .

مەن ئۈپۈققا سوزدۇم قولۇمنى ،
ئارزۇلىرىم بولغاندا قوبۇل .
كۆرگىنىمدە پارلاق يولۇمنى ،
سەپەر قىلدىم قۇياشقا ئۇدۇل .

## پاك ھېسلىرىم قۇچاقلىشار ئاي بىلەن

مەن ھاياتتىن ئالغان چېغىم مۇكاپات ،
ئايدىڭلاردا ناخشا توۋلاپ يۈردۈممەن .
چاۋاك چېلىپ قۇتلۇقلىسا كائىنات ،
ياشلىقىمنىڭ شوخ پەيزىنى سۈردۈممەن .

ئەللىيدە ئۇخلىمىدىم ھاياتنىڭ ،
شېرىن چۈشكە ئەسىر بولۇپ بېرىلىپ .
يۈزۈمنى ھەم يورۇق قىلدىم ، نۇر قىلدىم ،
كەتمىدىم ھېچ تۆھپەمدىنمۇ كېرىلىپ .

دوقاللاردىن ، توسۇقلاردىن ئۆتتۈمەن ،
شاش تۇلپاردەك كىشنەپ تۇرۇپ چاپچىدىم .
مەنزىلسىرى ئىنتىلگىنىم يىگىتلىك ،
راھەت چۈشەپ جاپالاردىن قاچمىدىم .

پاك ھېسلىرىم قۇچاقلىشار ئاي بىلەن ،
مەن ھاياتتىن ئالغان چېغىم مۇكاپات .
مەنزىل سەنەم ، مەن بىر غېرىب تەلپۈنگەن ،
شۇ يوسۇندا ئۆتمەكتە ئاھ ، بۇ ھايات .

## بۇ جاھان

ئالماشقاندەك پەسىللەر بىر ـ بىر ،
قايغۇ ـ شادلىق كېلەر ھەر جانغا .
ئۈلەشتۈرۈپ قويغاچقا تەقدىر ،
چېچىلغان ئۇ پۈتكۈل جاھانغا.

دەيمەن شۇڭا تەڭشەكلىك جاھان ،
« تەڭشەلمىدى » دېگەن بىكار گەپ .

بۇگۈن يىغلاپ ئەلەم يۇتقانغا ،
ئەتە شادلىق كېلەر چۆرگىلەپ .

## يۈرىكىمنى ياقتىم قۇياشقا

يۈرىكىمنى ياقتىم قۇياشقا ،
ئەنسىرىدىم ( كۆيۈپ كەتمىدىم ) .
سۆيگۈ تاراپ ھۇجەيرەمگىچە ،
راھەتسىزلا ئۆلۈپ كەتمىدىم .

يۈرىكىمنىڭ ھارارەت تەپتى ،
ئېشىپ چۈشتى قۇياشتىن مىڭ ـ مىڭ .
بەلكىم ئېرىپ كەتكەندۇ قۇياش ،
بىر قانغۇچە قوچاقلىسام چىڭ .

بىر قانغۇچە قوچاقلىسام چىڭ ،
ھەسەت قىلدى شۇندا تولۇن ئاي .
پىنھان پېتى سۆيۈشلىرىمگە ،
ئېھتىمالىم قالدى چىدىماي .

## پارچىلايمۇ ئۆزۈمنى

بىر كۈندىلا تېگىپ قالدى قولۇمغا ،
توي باغىقى ( ئارانلا ئون ئىككىسى ) .

باغاقتىكى ھەممە ئىسىم تونۇشكەن ،
بەزىسى دوست ، ياكى دوستلار ئۇكىسى .
بارالىدىم شۇ باغاقنىڭ بەشىگە ،
نېسى قالدى گەدىنىمدە يەتتىسى .
رۇخسەت سوراپ ئىدارەمدە مۇدىردىن ،
باردىم ئېشىپ قالغان تويغا ئەتىسى .

تاپا ـ تەنە قىلدى ماڭا دوستلىرىم ،
« ياغاچ قازان بىر قېتىمغا يارار » دەپ .
« ئۆز قولۇمچە بەرگەن تۆرسام باغاقنى ،
ھەرنە قىلىپ تويىمىزغا بارار دەپ » .

توغرىسىنى چۈشەندۈرسەم كۆنمەيدۇ ،
خاپا بولۇپ ئاچچىقلايدۇ ، كۈلمەيدۇ .
ئىدارىدە خىزمىتىم بار مېنىڭمۇ ،
بۇنى ئۇلار قىلچە ئويلاپ كۆرمەيدۇ .

سەۋەنلىكنى ئېلىپ يەنە بوينۇمغا ،
كۆڭۈل قويدۇم دوستلار ئارا سورۇندا .
ئۆزىنىڭمۇ خىزمىتى بار تۇرۇقلۇق ،
نېچۈن قىستار مېنى « كىچىك » ئورۇندا ؟

## مۇھەببەت

تولغاق تۇتۇپ ئاسمان ئانىنى ،
تۆكتى ياش .
قايغۇ باستى زېمىن دادىنى ،
قاتتى باش .

## بوۋايلار

سىلەر يۇرتنىڭ پېشۋاسى قامەتلىك ،
ھۆرمىتىڭلار دىل تۆرىدە چاقنايدۇ .
سىلەر بولغاچ بىز ھەر ئىشتا ئامەتلىك ،
غەيرىتىمىز مەغرۇر كۆكتىن ئاتلايدۇ .

ئالدىڭلاردىن توغرا ئۆتۈش ئۇياتتۇر ،
بىز سىلەرنىڭ ئېچىلدۇرغان گۇلۇڭلار .
كۆكرەك كېرىپ ئايغا سەپەر باشلىساق ،
ئاپىرىن دەپ پەخىرلىنىپ كۇلۇڭلار .

سىلەر بەرگەن ئەقىل بىلەن ، كۈچ بىلەن .
بىز كۈنسېرى ئالغا چامداپ بارىمىز ،
ئۇمىدىڭلار مىليون قەلب قەسرىدە ،
ئاستىڭلارغا گۇل پاياندار سالىمىز .

شادلىقىڭلار شادلىقىمىز بىزنىڭمۇ ،
شۇ سەۋەبتىن گۈل بولدى ئوك - سولىمىز .
ياشلىق چاقماق ( ئۆمۈر دېگەن ئاتقان ئوق ) ،
سىلەر كەبى بىزمۇ بوۋاي بولىمىز ...

1995 - يىل 14 - مارت ، يەكەن - بەشكەن

## سەن باھار ئانىجان— پەسىل ئەركىسى

ئاھ ، ئانا مەككىگە ئاپارسام دەيمەن ،
بوينۇمغا مىندۈرۈپ سېنى مىڭ قېتىم .
سەن بەرگەن ئەقىلدىن ئەقىل ئىزدەيمەن ،
يىگىتلىك لەۋزىم بۇ — ئېسىل خىسلىتىم .

چۆمۈلدۈم دېڭىزدەك مېھرىڭگە قېنىپ ،
باھاردەك تىنىقىڭ سىڭدى بەستىمگە .
ۋۇجۇدۇم ئىشقىڭدىن ئوت بولۇپ يېنىپ ،
ھاياتقا ئۇل سالدىم يېتىپ ۋەسلىمگە .

سەن باھار ئانىجان — پەسىل ئەركىسى ،
مېھرىڭدۇر گوياكى قۇياشلىق ئاپتاپ .
زەپ مۇڭلۇق ، يېقىملىق ئەللەي ناخشىسى ،
مىليون دىل تۆرىدە تۇرىدۇ چاقناپ .

سىنىگدىن تۇغۇلدۇم، ئۆستۈم، يېتىلدىم،
ئۇيۇقتىن تەۋەللۇت بولغان قۇياشتەك.
جەڭگىۋار ھەم بۈيۈك سەپكە قېتىلدىم،
ھېسلىرىم كەڭلىككە ئىنتىلگەن قۇشتەك.

تۈن ئارا ئۇخلىماي مېنى باققىنىڭ،
تىكلىدى ئەقلىمگە ئۆرۈلمەس مۇنار.
ھاياتلىق كۆكسىگە مېدال تاققىنىڭ،
ئۆچمەيدۇ ئەبەدىي، نۇر چېچىپ تۇرار.

مۇقەددەس، مۆتىۋەر ئاق چاچلىق ئانا،
ياشايسەن مەڭگۈ گە قۇياش بىلەن تەڭ.
پاك ئەجرىڭ يولۇمغا بولۇپ باشپاناھ،
ئۇنتۇلماس مىننەتسىز بىباھا تۆھپەڭ.

1995 ـ يىل 16 ـ ئاپرېل، مەكىت ـ قىزىلئاۋات

## دۇنيا

كۆز ئاچقانتىم قوينۇڭدا بىر چاغ،
تەۋرەتتىڭسەن مېنى پەپىلەپ.
نېمە بەرسەڭ بولۇپتىمەن خۇش،
كەلدىم شۇنداق ساڭا ئەركىلەپ.

ئەقىل تاپتىم بويۇممۇ ئۆسۈپ،
تونۇغۇدەك خىلمۇخىل رەڭنى.

ۋادەرىخا ، بەكمۇ كېچىكىپ
چۈشەندىمەن سېنىڭ ھىيلەڭنى .

گۈللىتىشكە قوينۇڭنى سېنىڭ ،
چىن دىلىمدىن باغلاپتىمەن بەل .
كەلدىم يۈدۈپ ئازابلىرىڭنى ،
كۆزلىرىمنىڭ خۇنى بولۇپ سەل .

گۈل ئۈندۈرۈش ئىدى مەقستىم ،
سەندە باسقان ھەربىر قەدەمدىن .
يوللىرىمغا تىكەن پاياندار ،
يېرىلمىدىم تارتقان ئەلەمدىن .

نېمە بەردىڭ دۇنيا سەن ماڭا ،
ئەپسۇس ، مەندىن كەلدىڭسەن تىلەپ .
قوۋۇرغامنى قىلىمەن قىلىچ ،
تەگرىتاغنىڭ تېشىغا بىلەپ .

1995 ـ يىل 20 ـ دېكابىر ، يەكەن

## ئۆزۈمدىن ئۆتكەن

مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى ،
باشقىلارغا كەلدىم يېلىنىپ .
دىمىسەممۇ گادايلىقىمنى ،
كۆزلىرىمدىن قالار بىلىنىپ .

ئۆز يولۇمنى تاللىدىم ئۆزۈم،
يۇتلىرىمغا سانجىلدى تىكەن.
مېڭىۋەردىم لېۋىمنى چىشلەپ،
(ماڭا چىدام مىراس قاپتىكەن.)

كۆزلىرىمنىڭ نۇرىمۇ ئۆچتى،
شۇكۇر دېدىم شۇنداق تۇرۇقلۇق.
نېمە سەۋەب، تەقدىر ـ پېشانەم،
ئەزەلدىنلا بوپ قالدى شورلۇق.
ئېگىلىدۇ كىچىكلەرگىمۇ،
ھەتتا مېنىڭ سۆڭەكسىز بوينۇم.
مۇشۇكلەرگە بولىدۇ ماكان،
زەپمۇ راھەت، ئىللىغان قوينۇم.

گۈل ھۆسنىنى كۆرمىدىم پەقەت،
ئوك ـ سولۇمدا ئاق تىكەن، ئازغان.
بىر قەدەمنى باسمىدىم ئارتۇق،
تېگەرمۇ دەپ كاللامغا بازغان.

سۆرىلىدۇ پايتىمام دائىم،
ئەل قاتارى سەپەرگە ماڭسام.
شەپىسىدىن كېتىمەن قورقۇپ،
باشقىلارنىڭ كەينىدە قالسام.

تەرلەپ ـ پىشىپ كەتسەممۇ مەيلى ،
پىژغىرىمدا سالمايمەن جۇۋا .
نە ھالەتكە قالدىممەن چۈشۈپ ،
پېشانەمگە پۈتكەنمۇ خۇدا .

ئاتا ـ بوۋام ، ئەجدادىممۇ ھەم ،
بۇ دۇنيادىن شاھ سۈپەت كەتكەن .
زارلانمايمەن قىسمەتلىرىمدىن ،
بۇ سەۋەنلىك ئۆزۈمدىن ئۆتكەن .

1996 ـ يىل 10 ـ مارت ، يەكەن

# ھايات گۈزەل ، ئارزۇلار گۈزەل

## يۇرتۇم

(مۇۋەششەھ)

مېھرىڭنى بەردىڭ تولۇق سۆيۈندۈرۈپ ،
يۈز ئاچتى شۇندا ماڭا ئادىمىيلىك .
ئانامدەك ئەركىلەتتىڭ مىڭ كۈلدۈرۈپ ،
بار ساڭا مۇھەببىتىم ئەبەدىيلىك .

ئەمەستۇر گۆدەكلىكىم ـ سەبىيلىكىم ،
يالاڭياق تۇپرىقىڭغا دەسسىگىنىم .
تاج كىيدىم ئۇتۇقلاردىن بۇ ـــ يىگىتلىك ،
قەدرىڭنى چۈشەنگەندە ئەسلىگىنىم .

كېتىدۇ ئوت يۈرىكىم غىدىقلىنىپ ،
نامىڭنى خىيالىمدا قۇچاقلىسام .
پارلايدۇ قۇياش كەبى تەبەسسۇمىڭ ،
شان ـ شەرەپ دەرياسىدىن ھەر ئاتلىسام .

ئېچىلدى ھايات گۈلۈم تاپتى مۇراد ،
يۈرىغاچ ساپ ھاۋاڭدىن گۈپۈلدىتىپ .
ياشايمەن ئەركەككە خاس جۈرئەت بىلەن ،
رەقىبلەر يۈرىكىنى پوكۇلدىتىپ .

تىكلىدىم يىمىرىلمەس ئابىدىنى ،
ئىشقىمغا چېتىلغىنى مۇقەددەسلىك .
پەرزەنتىنىڭ بۇرچى ئەمەس ئانىسىغا ،
باققانىنىڭ بەدىلىنى تۆلىمەسلىك .

## ئانا

بالام بولغاندا بىلدىمەن ،
كۆيۈمچان سەن ئانا جاننى .

سېنى دەپ ناخشا توۋلايمەن ،
باسالماي ھېس ـ ھاياجاننى .

سېنىڭچۇن دەس كۆتۈرسەم تاغ ،
ئېگىلمەس تاغ سۈپەت قەددىم .
بىنا قىلسام سېنى دەپ باغ ،
ئادا بولماس يەنە قەرزىم .

1996 ـ يىل 10 ـ مارت ، مەكىت ـ قىزىلئاۋات .

## خىسلەتلىرىم

ھەركىم بىلەن تەڭ تۇرالايمەن ،
ئەقىل قۇشۇم قىلغاندا پەرۋاز .
سىم ئۈستىدە تىك ماڭالايمەن ،
چۈنكى ، ئۆزۈم ئۇستا بىر دارۋاز .
قايناملارغا كىرسەممۇ ھەتتا ،
غۇلاچ تاشلاپ ئۈزىمەن مەغرۇر .
تاشلىسىمۇ كۆيمەيمەن ئوتتا ،
كۆيمەسلىكىم ئەسلى ئۇ غۇرۇر .

گەر چىللىسا مېنى جەڭگاھقا ،
شۇ ھامانلا بولالايمەن تەل .
ياماشقانچە چىقىمەن تاغقا ،
ھەم تۈنلەردە بولىمەن مەشئەل .

بۇ ژغۇن چىچىپ كۆۋەجسە سەل ،
كەلمەس مەڭگۈ ئوشۇقۇمغىمۇ .
ھەر نە ئىشتا باغلاقلىق بۇ بەل ،
مۇشت ئۇرۇلسا تۇمشۇقۇمغىمۇ .

يۇلتۇزلارنى قوينۇمغا سىلىپ ،
يۇرەلەيمەن ئايدىڭ كىچىدە .
دىلدا ئۇنى مۇكەررەم بىلىپ ،
تاۋلىنىمەن ئوتنىڭ ئىچىدە .

مەن ئاشۇنداق خىسلەتلىك ئادەم ،
ئادەملىككە تەستىق ۋىجدانىم .
ھايات بىغىم گۈلزارلىقىدا ،
چىچەك ئاچار ئارزۇ ـ ئارمانىم .

1996 ـ يىل 11 ـ ئاپرېل ، يەكەن

## ئۆگەتمەيلى

مىڭىپ يۇرۇپ ئويناۋاتقان بالىنى ،
بۆشۈكىگە بۆلەپ قويدۇق ئانىسى ،
ئۇنىمسا يۇلقۇنۇپ ، ئۇ يۇلقۇنۇپ ،
ئۇيقۇسىنىڭ باردەك يەنە چالىسى ،

زورلاپ .
ئېھتىمالىم ئاشۇ پەيت ئۇ ئۇماقنىڭ ،
( جېنىڭ ، يۈرەك پارەڭنىڭ )
قويدۇڭسەن ،
ئۆز ئەركىنى خورلاپ .
سەن ئەللەيلەپ تەۋرەتسەڭمۇ گەر ،
كەتتى ئۇ بەك بارغانچە يىغلاپ .
يېشۋەتسە چىگكەن تاناڭنى ،
سەن يەنە قايناپ .
ئەپسۇس ،
سەن يەنە باغلاپ .

ئۆزىگە هاي بەردى ،
ئاخىرى
قالدى ئۇ ئۇخلاپ .
ئارامىغا چۈشتى كۆڭلۈڭمۇ ،
ئۇ قويمىسا قىلچە قىمىرلاپ .
داۋاملاشسا بۇ ئۇدۇم بولۇپ ،
ئاندىن بالىغا ...
بۇ قانداق بولغىنى ،
باققىنا ئويلاپ .

ئۆگەتمەيلى ئۈيقۇغا ،
ئويغىتايلى گۈدەك چېغىدىن ،
جاراڭلىق ئاۋازدا ،
تىۋۋلاپ .

1996 ـ يىل 19 ـ ئىيۇن مەكىت ـ قىزىلئاۋات ، ھۇقۇشدۆك

## چەمبەرسىمان مۇھەببەت

گۈزەللىككە — گۈزەل تاڭغا تەلپۈنگەن ،
كۆڭ نۇرىغا چىلاشتى پاك يۈرىكىم .
ئىزغىرىندا تالى مەجنۇن يەلپۈنگەچ ،
قۇشلارغا جور بولۇش ئارزۇ ـ تىلىكىم ،
كۆڭ نۇرىغا چىلاشتى پاك يۈرىكىم .

دەيمەن شۇڭا قۇشلار خۇشال سايراڭلار ،
ئاۋازىڭلار قۇت ياغدۇرسۇن جاھانغا .
تاڭ پەيتىدە قىلچە ئۇخلاپ قالماڭلار ،
سادايىڭلار يەتسۇن كۆككە ـ ئاسمانغا ،
ئاۋازىڭلار قۇت ياغدۇرسۇن جاھانغا .

تەبىئەتمۇ پاسون تۈزەپ شادلىقتىن ،
مەندە تاغدەك ئارزۇلارنى ئويغاتتى .
ھايات مۇشكۈل سىناق ئېلىپ ياشلىقتىن ،

مەيدان ئارا سەپ تۈزۈپ شوخ ئويناتتى ،
مەندە تاغدەك ئارزۇلارنى ئويغاتتى .

ئىلاھ ماڭا بەرسە شۇنداق كۈچ ـ قۇدرەت ،
تىكلەر ئىدىم شوتا ئېگىز ئاسمانغا .
ئىشەنچىم بار چەمبەرسىمان مۇھەببەت ،
يېزىلىدۇ تالاي ـ تالاي داستانغا ،
تىكلەر ئىدىم شوتا ئېگىز ئاسمانغا .

يامغۇر كەبى تامچىسا تەر چېكەمدىن ،
مېۋە بېرەر ھايات بېغىم ، مۇساپەم .
يۈكۈم ئېغىر بېسىپ تۇرسا گەجگەمدىن ،
سۆرەپ بارار ھامان « چىدام »لىق مەپەم ،
مېۋە بېرەر ھايات بېغىم ، مۇساپەم .

1996 ـ يىل 11 ـ ئۆكتەبىر ، يەكەن

## بىراۋ خاتىرىسىگە

ھاياتىنىڭ چېكى بار ھەممە ئادەمگە ،
دوقمۇشتا كۆز قىسىپ تۇرىدۇ ئارمان .
پۇرسەتنىڭ چېكىسى كەتتىنغۇ تەرلەپ ،
كۈتۈشتىن ئەسنەك يەپ بولدى بىدەرمان .

بىلىمىز ھاياتنىڭ يوللىرى مۇشكۇل ،
ئىز بېسىپ كېلىدۇ قارا كۆلەڭگە .
ئۈپۈقنىڭ چېھرىدە پارلىغان كۈلكە ،
يىللارنىڭ قوينىدا نۇر چاچار مەڭگۈ .
1996 ـ يىل 12 ـ ئۆكتەبىر ، يەكەن .

## ئېچىلغاندا ئارزۇ گۈللىرىم

ئېچىلغاندا ئارزۇ گۈللىرىم ،
ئۈپۈق مېنى قىلدى تەۋەللۇت .
قۇتلۇقلىدى يۇلتۇز ، ئاي ، قۇياش ،
توسالمىدى يولۇمنى بۇلۇت .

تەپەككۇرۇم سىلكىگەندە پەر ،
پاك روھىمدىن يارىلىدۇ تاڭ .
تورغايلارنىڭ يېقىملىق كۈيى
قوزغىتىدۇ قەلبىمدە بىر ئاڭ .

سەكراتتا كۆرگەن چۈشلىرىم ،
جەزىرىگە قىلىندى دەپنە .
قۇملۇقلاردا قالمىدى ئىزىم ،
بەڭۋاش بوران قىلغاچ تەنتەنە .

ئاڭلىنىدۇ مۇقامدەك مۇڭلۇق ،
كىرپىك جۇپلەپ تارتقان خورەكلەر .
ئارزۇلىرىم قۇمدەك كۆپ ، گۈزەل ،
تەلپۈنگەچكە سوقار يۈرەكلەر .

## ... ؟

يەلپۈتۈپ ئۆتتى سابالار ساچىنى ،
تۈن يېرىم .
مەن ئەمەس ، مەپتۇن قىلار ئۇ بارچىنى ،
ئاھ ، جېنىم .
مەست بولۇپ كەتتىم كۆرۈپ دىل نازىنى ،
دىلبىرىم .
تاپمىدىم گۈلشەن ئارا ئەندازىنى ،
كۆيگىنىم .

## ئىنەك

كالتەك تەگدى دۇمبەڭگە نەچچە ،
هالىڭغا ۋاي ، بىچارە ئىنەك .
موزايلىغان گۇناھىڭ ئۈچۈن ،
ئىگەڭ قويدى ئاستىڭغا چېلەك .

ئەمچىكىڭنى قوش قوللاپ تۇتۇپ ،
ساغار كۆندە باغلاپ پۈتۈڭنى .
جىم تۇرمىساڭ سەندە ئامال يوق ،
موزىيىڭغا ئاياپ سۈتۈڭنى .

ئاپتاپلىقتا ئۆتىدۇ كۈنۈڭ ،
كۆزلىرىڭنى بېسىپتۇ چاپاق .
تۇخۇم توختار ئىدى ئۈستۈڭدە ،
ھازىر قاراپ قويمايدۇ توپاق .

سەن دادلايسەن دائىم ئىگەڭدىن ،
ۋە يىغلايسەن كۈندە ئىسەدەپ .
سېغىشىنلا بىلىپ ، ئويلىماس
ساڭا بەردى قانچىلىك ھەلەپ .

موزىيىڭمۇ ئاۋارە شۇنچە ،
باغلاقتىمۇ يۇلقۇنمايدۇ ، جىم .
سەن زېمىنغا تۆرەلگەن چېغى ،
قىسمىتىڭنى پۈتكەن ئىلاھىم .

كېتەلمەيسەن ئارغامچا ئۈزۈپ ،
ئۆتتى ئوبدان كەڭرى يايلاقتا .
سەندە كۈچ يوق كۆنۈپمۇ قالدىڭ ،
مەھكەم بولۇپ ئاشۇ باغلاقتا .

ئەي بىتەلەي موزايلىق ئىنەك ،
قىسمىتىڭدىن كەتمە زارلىنىپ .
ئېشەكچىلىك يوقكەن قىممىتىڭ ،
توۋا دېدىم ، قاپسەن خارلىنىپ .

يەكەن ، سېنتەبىر - 9 ، يىل - 1997

# روھىمدىكى ئۇچقۇنلار

## مۈشۈك

چاشقانلارنى تۇتارمىكىن دەپ ،
باققان ئىدىم سۆلەتلىك مۈشۈك .
ئەتىۋارلاپ كەلدىم ئۇزاقتىن ،
ئاش بەردىم ،
گۆش بەردىم .
نېمە يېسەم بەردىم بىر ئۈلۈش ،
مىڭ ئەپسۇس ،
يا تۇتمىدى بىرەرمۇ چاشقان ،
ئىلغىدىكى گۆشنى چىشلەپ قاچقان .
قاچىدىكى ئاشنى ، لېگەندىكى ناننى پۇراپ ،
يۈز يۇغاننى دوراپ .
بۇنى ئاز دەپ كۆيۈمچان مۈشۈك ،
باشلاپ كىردى تالادىن بىرنى ،

ۋاقىت ئۆتتى بىلمىدىم سىرنى ،
غولداپ كەتتى ، مىياۋلاپ كەتتى .
ئاسلانلىرى شۇنچە چىرايلىق ،
ياساپ بەردىم ئۆيۈمدە ئۇۋا ،
دەپ تاشلىدىم ئىچىمدە « تۇۋا » .
ئاۋۇپ كەتتى بۇدرۇق ئاسلانلار ،
تاملىرىمدا ،
كاڭلىرىمدا ،
چاشقان كامىرى تۆشۈكلەر ،
مەن ئىگىسى ئاشۇ مۈشۈكنىڭ ،
ھەممىسى ،
پۇتلىرىمغا ئۆزىنى سۈركەپ ،
دائىم شۇنداق ماڭا ئەركىلەپ .
پارقىرىتىپ كۆزىنى ،
بىلمەي قالدىم سۆزىنى .
ھەيران قالدىم بۇ ئىشقا ،
چاشقانلارنى تۇتماس نېمىشقا ؟
قاراپ تۇرسام بىئەجىر مۈشۈك ،
دوست بولۇپتۇ چاشقانلار بىلەن ،
ئۆي ئىچىدە ئويناپ مۆكۈشمەك .

## بۇلۇتلار

ئاق پاختىدەك ئاپئاق بۇلۇتلار ،
سەن ئاسماننىڭ مەلىكىسىمۇ ؟
قۇچاقلايسەن تاغلارنى غەمكىن ،
يا تاغلارنىڭ شوخ ئەركىسىمۇ ؟

ياش تۆكسەن ھىجراندا ، غەمدە ،
ئىرغاڭلايسەن ئەركىن ھاۋادا .
نېمە دەيسەن قېنى ئۇستۇڭگە ،
بۇركۇت بولۇپ قونسام ناۋادا ؟

## تەنھالىقنىڭ مەن ئۇچۇن ئازاب

پۇرسەت تىلەپ كەلدىم ئىز بېسىپ ،
يوللىرىڭدا ئەي بىتەلەي قىز .
نېمىشقىمۇ كۆيگەنتىم ساڭا ،
يۈرىكىمگە سالدىڭ ئۆچمەس ئىز .

يۈرىكىمگە سالدىڭ ئۆچمەس ئىز ،
كۇتۇش ئىزدەپ كەلدى بۇ ھايات .
مەن سېنىڭدىن سەدىقە سوراپ ،
كېلەي دەيمەن قېشىڭغا پات ـ پات .

كېلەي دەيمەن قېشىڭغا پات ـ پات ،
تەپ تارتىمەن لېكىن داداڭدىن .
يېلىنغانچە تىلىۋال مېنى ،
شۇ ئاق كۆڭۈل مەسۇم ئاناڭدىن .

شۇ سەۋەبتىن دېگۈم كېلىدۇ ،
مىڭ مەرتىۋە سېنى بىتەلەي .
تەنھالىقىڭ مەن ئۈچۈن ئازاب ،
كۈندە سېنىڭ چۈشۈڭگە كىرەي .

## قارلىقتا يارلىق

خىياللارغا بۆلەنگەن كۆڭلۈم ،
ئاھ ، ئۇيقۇدىن ئويغاندى بۇدەم .
شۇندا پەيدا بولدى قېشىمدا ،
پاھ ، نۇرانە گۈل يۈزلۈك سەنەم .
تۇنجى قارنىڭ شادلىق ۋەجىدىن .
قارلىق تاشلاپ قاچتى ئوماق قىز .
( مەيدىمىزدە چۆگۈن قاينىتىپ ، )
بىلىپ قويسۇن يۈرگەن ئەسلي بىز .
ئەتراپىمنى ئەگىپ كېتەلمەي .
مەسۇم يۈرەك يۈرەر تەمتىرەپ .
مەن ئويلىدىم ئاشۇ يۈرەكنىڭ ،

ئىگىسىمۇ ئەمەس بىئەدەپ .
يۈرىكىنى قويۇپ كېتىپتۇ ،
يۈرىكىمگە چېتىپ ئىشىنىپ .
پەخىرلەندىم ، سۆيۈندىم قەۋەت .
ئاھ ، مۇشۇ پەيت مەنىمۇ چۈشىنىپ .
كۆك ئاسماندىن چۈشۈپتۇ يارلىق ،
سۈبھىدەك پاك ۋە مەسۇم كۆڭۈل .
زىمىستاندىن ئەسەر يوق قىلچە ،
پاھ ، بۇ جايدا ئېچىلىپتۇ گۈل .
نە گۈلكى ئۇ ئېچىلسا دەيمەن .
ھەرنە جايدا ئىماندەك كۆڭۈل .

1997 - يىل ئۆكتەبىر ، يەكەن

## كۆڭۈل ساقلاپ كەلدىم بىر ساڭا

كۆڭۈل ساقلاپ كەلدىم بىر ساڭا ،
ۋىسالىڭنى ئىزدەپ ھەر مىنۇت .
ئېيت ، دىلبىرىم يۈرەك سۆزۈڭنى ،
يا ئۆتمۈشنى بىر يولى ئۇنۇت .

مەن بىلىمەن سەنمۇ ھەم شۇنداق ،
ئارىلىقىمىز يىراق ، بەك يىراق .
ئۈمىد كۈتۈپ يۈردۈم ۋە لېكىن ،
ئىت خۇيىدا چىشلەيدۇ پىراق .

ئىت خۇيىدا چىشلەيدۇ پىراق ،
يۈرىكىمنى قاپساپ ـ قامالLاپ .
ئېھتىمالىم يۈرىسەن بىغەم ،
سۆيگۈمىزنى شۇندا تاماملاپ .

مەن خۇدادىن تىلىدىم كۆپ رەت ،
سۆيگۈمىزنى چىچەك ئاچسۇن دەپ .
ئۆچۈرۈشكە بولمايدىكەن تاڭ ،
ھىجران ئوتى يامان ئىكەن زەپ .

1997 ـ يىل 15 ـ دېكابىر ، يەكەن

## شائىر ئۆلمەيدۇ

شائىر دېگەن ئوت ـ ئاتەش ، لاۋۇلدىغان يۈرىكى ،
ياغار يۈكسەك ئەجرىگە ئەلنىڭ ھۆرمەت ـ ئالقىشى .
شائىر دېگەن قۇياش ـ ئاي ، نۇردەك ئوتلۇق تىلىكى ،
ئەقلى ئۈنىڭ بىر يۇلتۇز ، مەڭگۈلۈكتۇر چاقنىشى .

شائىر ، ئۇ تاڭ خورىزى ، ھېسنى چىللاپ ئويغاتقان ،
ھەر ھېكمىتى مىڭ دىلنى ـ يۈرەكلەرنى ئويناتقان .
شائىر ئەلنىڭ غەمخانى ، سادىق ئوغلى ، كۈيچىسى ،
ھەر نەزمىسى بىر جەننەت ، تۇيغۇلارنى ياپراتقان .

شائىر قەلبى دېڭىزكى ئۆركەشلىگەن، قايىنىغان،
رەڭ بېرىدۇ ھاياتقا ئۇنىڭ قەترە - تامچىسى.
شائىر دېگەن خۇش سابا، تاغ - چىمەنگە يامرىغان،
شائىر ئەسلى باھارنىڭ، ئىزگۈلۈكنىڭ ئەلچىسى.

شائىر دېگەن مىننەتسىز ئىجاد قىلار، «ئۇھ! ...» دېمەس،
ماختىنىغانغا كۆرەڭلەپ، مەيدە قېقىپ كۈلمەيدۇ.
شائىر دېگەن ئەبەدىي خەلقى بىلەن ھەمنەپەس،
دەيمەن شۇڭا دوستلىرىم: «شائىر مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ! ...»

1998 - يىل 26 - سېنتەبىر، يەكەن

# توسۇن تايدەك ئۆركۈگەن كېچمىش

## گىياھ بولۇپ ئۈندى ئازاب قەلبىمگە

بۇ دۇنياغا ئارمان بىلەن تۇغۇلغاچ،
ئارمىنىمنىڭ چېكى نەدە بىلمەيمەن.
ئۇچاي دېسەم قاناتلىرىم بوغۇلغاچ،
قاپاق تۈرۈك خەق قاتارى كۈلمەيمەن.

يۈرىكىمدە لەختە - لەختە ئۇيۇپ قان،
پۇشۇلدايمەن سۆرەمدىكى كالىدەك.

بىلىندۇ چوڭ ئىشلىرىم ئۆزگىگە ،
ئىشتانىسىزلا ئويناۋاتقان بالىدەك .

كۆزلىرىمنىڭ نۇرى ئۆچتى ، گۈل سۇندى ،
بولۇۋالدى بۇلبۇللىرىم سايرىماس .
ياپياش تۇرۇپ قەددىم يادەك ئېگىلدى ،
ئەقلىم ئاقنى ، يا قارىنى ئايرىماس .

ھەر قەدەمنى ئېغىر - ئېغىر يۆتكەيمەن ،
كېتىپ قاپتۇ پۇت - قولۇمدىن مادارىم .
ئەسلىمىسى بولۇپ قالدى ئۆتمۈشنىڭ ،
تۇن تەڭگىچە كۈي كۈيلىگەن دۇتارىم .

بىر چاغلاردا گۈركىرىگەن بوراندەك ،
تىنىقىمنىڭ يوقالدى ئىز - دېرىكى .
بىر « جانان »نى سۆيدۈرەلمەي ، « سۆيەلمەي » ،
ياشىغاننىڭ ئەمدى نېمە كېرىكى ؟

يورۇمىدى پەقەت كۆڭۈل ئاسمىنىم ،
نە سەۋەبكىن قۇياش ۋە ئاي چىقمايدۇ .
ئېھتىمالىم دۇنيا مەندىن ئۆركۈگەن ،
ئارمانلىرىم بۆشۈكىدە ئۇخلايدۇ .

خورازلىرىم چىقالمايدۇ قونداقتا ،
قىزىل تاجى خۇددى يىرتىق لاتىدەك .

ئۈمىدلىرىم مەرەپ يۇرەر ئامالسىز ،
يايلاقلاردا ئوتلاۋاتقان پادىدەك .

تايغانلىرىم خىرىس قىلماي رەقىبكە ،
ئەركىلەيدۇ شىپاڭلىتىپ قۇيرۇقنى .
ئىسسىت ـ ئىسسىت گۆش بەرگىنىم ، باققىنىم ،
ئاڭلىمايدۇ بەرگەندە دەل بۇيرۇقنى .

گىياھ بولۇپ ئۈندى ئازاب قەلبىمگە ،
سۇغا تەشنا بولۇپ غولى ـ يىلتىزى .
گۈل تاقالماس بولۇپ قالدى كۆكسۈمگە ،
ۋاقىت سۇدەك لەيلىشىپ ئۆتكەنسېرى .

*                *

بۇ دۇنياغا ئارمان بىلەن تۇغۇلغاچ ،
مىڭ ئارماننى سۆيدۈم يېنىش ـ يېنىشلاپ .
ئۆز تەقدىرىم ئۆز قولۇمدا ئۆتىمەن ،
ھاياتىمنى ئارمانلارغا بېغىشلاپ .

## ئۈمىدىم

ئۆلگەنلەرگە يازدۇق مەرسىيە ،
تىرىكلەرگە ئۇلگە بولسۇن دەپ .

تۆھپىسىگە باھا بەردۇق چوڭ ،
بۇ ئەزەلدىن ئۇدۇم ئىكەن زەپ .

ھاياتلىقتا بىلىنمەس قىلچە ،
ئۆلگەنلەرنىڭ قەدىر - قىممىتى .
ئۆز ئەجرىدىن بولىدۇ ئايدىڭ ،
باشقىلارغا ئىززەت - ھۆرمىتى .

تۇرمۇش دېگەن بۇ چوڭ سەھنىدە ،
ئالقىشلايدۇ تىرىكنى تىرىك .
ئالتە كۈنلۈك ھايات تاپار قۇت ،
قەدىرلىشىپ ئۆتسەك بەلگىلىك .

1999 - يىل 4 - ماي ، يەكەن - مەكىت

# بالىلارغا بېغىشلانغان شېئىرلار

## سالام ئوماق بالىلار

سالام - سالام ئوماق بالىلار ،
بايرىمىڭلار بولسۇن مۇبارەك .
خۇشاللىققا تولدى ھەممە ياق ،
جور بولۇڭلار كۈلسۇن دىل - يۈرەك .

سىلەر ئەزىز ، سىلەردە ئۈمىد ،
نۇرانىدۇر گۈزەل كېلەچەك .
ئۇستاز روھى بەرگەندە مېۋە ،
شاد بەختنىڭلار ئاچقاي گۈل - چېچەك .

قىلىقىڭلار ئوماق ، بەك ئوماق ،
شادلىنىدۇ ئۇندىن ھەر كۆڭۈل .
قۇتلۇقلىغاچ شائىر تاغاڭلار ،
تىزدى دىلدىن بۇ بىر دەستە گۈل .

بوينۇڭلاردا قىزىل گالستۇك ،
لەپىلدەيدۇ قۇياشتەك چاقناپ .
قۇرغۇچىسى سىلەر ۋەتەننىڭ ،
ئىشقىڭلاردۇر نۇر - زىبا ، ئاپتاپ .

ئۆگىنىڭلار تىرىشىپ بىلىم ،
پارلاق بولۇر يېقىن كەلگۈسى .
قول تۇتۇشۇپ چامدىساق ئالغا ،
بەخت جەزمەن قۇچاق ئاچقۇسى .

## مۇبارەك

يېتىپ كەلگەچ بىرىنچى ئىيۇن ،
خۇشاللىقتا چۆمدى دىلىمىز .

ئىلىم ـ پەننى سۆيۈپ قەدىرلەپ ،
بىز يارامىلىق ئادەم بولىمىز .

مۇبارەك ئەي بىرىنچى ئىيۇن ،
گۈلدەستىلەر تىزدۇق ھەممىمىز .
تەلپۈنىدۇ يىراق مەنزىلگە ،
بىزنىڭ چوغدەك قىزىل قەلبىمىز .

مىليونلىغان غۇنچە ۋەتەندە ،
زەپ چىرايلىق پورەك ئاچىمىز .
ئىلىم ـ پەننى قىلىپ گاڭ قانات ،
ئەجرىمىزدىن چاچقۇ چاچىمىز .

شۇڭا دەيمەن مۇبارەك بايرام ،
سالام ئۇستاز ، سالام ساۋاقداش .
قول تۇتۇشۇپ چامدايلى ئالغا ،
نىشانىمىز پارلاق نۇر قۇياش .

2000 ـ يىل 28 ـ ماي ، يەكەن

# كۆيۈۋاتقان ئاتەش نەپەسلەر

## دېھقان

بىر ئۆمۈر مىننەتسىز تەر تۆكۈپ ياشاپ ،
دۇنيانى ئەجرىدە باققانمۇ دېھقان .

گۈزەللىك شامىنىڭ پىلىكىگە دەل —
بىر ئوتنى ئۆچەسكە ياققانمۇ دېھقان .

دالىدا زەپ ياڭراق ناخشىنى توۋلاپ ،
بىر كۈيگە مىڭ كۈينى قاتقانمۇ دېھقان .
ئۈلۈغلۇق بابىدا يوقتۇر تەڭدىشى ،
يۈرەكنى يۈرەككە چاتقانمۇ دېھقان .

تاڭ سەھەر تورغاينى چىللاپ ئويغىتىپ ،
كۈن يەڭلىغ كەتمەننى چاپقانمۇ دېھقان .
كۆكلىتىپ تەرىدىن چۆلنى ، ئۆزىگە —
شۆھرەتنىڭ تونىنى ياپقانمۇ دېھقان .

گۈل ئۈنەر ئۇ باسقان ھەربىر قەدەمدىن ،
شۇ يوسۇن قەدرىنى تاپقانمۇ دېھقان
كۆكرىكى قالقاندۇر ، يۈرىكى ئوقيا ،
مۇشكۈلگە زەردە مۇشت ئاتقانمۇ دېھقان .

ھۇۋقۇشقا يەم بولۇپ مېھنەت مېۋىسى ،
بىر چاغلار ۋۇجۇدى قاتقانمۇ دېھقان .
ئاھ ، نىمجان ھالەتتە ئۆرە بولالماي ،
ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتقانمۇ دېھقان .

ھە ، بۈگۈن نۇرلىنىپ ئۈمىد قۇياشى ،
بويىنغا زەر ـ ئالتۇن ئاسقانمۇ دېھقان .
نادانلىق تەختىنى يانجىپ ـ پاچاقلاپ ،
ئاۋامنىڭ غېمىدە ئاققانمۇ دېھقان .

## ئازاب تەبىرى

ئازاب دېگەن نېمە ئۇ نېمە ؟
ھېچ بىلمىدىم تەبىرى قانداق ،
كۈھىقاپتىن چىققاندەك شامال ،
چىقامدۇ يا بىرەر يوچۇقتىن ،
چىن مەنىسى نېمىكەن زادى ،
ئازابنىڭ ...
چەكچەيگىنى كۆزلەرنىڭ .
سىقىلغىنى يۈرەكنىڭ ،
لاۋىلداپ كۆيگەنلىكى ۋۇجۇدنىڭ ،
تەشنالىقى يۈكسەك كۆڭۈلنىڭ .
كۆز ،
قەلب ،
ۋۇجۇد ،
ئىسيانىدۇر بەلكىم شۇلارنىڭ .

# بۇ ــ مېنىڭ ۋەتىنىم

## 1

گىرۋىكىدە تەكلىماكاننىڭ ،
بىر چىرايلىق ئۆيۈم بار مېنىڭ .
شۇنچە كەڭرى ،
شۇنچە چىرايلىق .

## 2

قۇشلار سايراپ تۇزىدۇ بەزمە ،
ئۆزۈم بىنا قىلغان باغچىدا ،
ئۇندا ئېچىلغان .
گۇل پۇرىقى ، گۇللەر پۇرىقى ،
گۇپۇلدىتىپ يارار دىماغنى ،
غۇچچىدە پىشقان .
مېۋە ـ چېۋە قاماشتۇرار كۆز ،
تەرىپلەشكە يەتمەيدىكەن سۆز .

## 3

نەمخۇش تۇپراق ئېكىنزار دالا ،
يۇرىكىمگە قوشقان جەسۇرلۇق .

يالاڭ ئاياغ ئوينىغانلىرىم ،
ۋاھ ، ئۆستۈردى مېنى غۇرۇرلۇق .
چۆمۈلگىنىم لاي سۇغا نەچچە ،
ھارۋا ھەيدەپ شۇ كاتاڭ يولدا ،
قومۇشلۇقتا پادا باققىنىم ،
ئېتىزلاردا ناخشا ئېيتقىنىم .
جىسمىمنى تاۋلىدى يۇلغۇندەك مەزمۇت ،
قەددىمنى كۆكلەتتى ئەمگەن ئوغۇز سۈت .

## 4

قوغۇن باقتىم يوچۇق ساتمىدا ،
دادام بىلەن كېچىسى ئۇخلاپ .
پاقىلارنىڭ كۇر كىراشلىرى ،
تومۇزغىنىڭ چىرىلداشلىرى ،
بىر ناخشىنى كەلمەكتە يادلاپ .
بۇ ــــ مېنىڭ ۋەتىنىم خىلۋەت مەھەللە ،
ھۆسنۈمگە سىن بەرگەن چىلان رەڭ تۇپراق .
ئۆمرۈمنىڭ يىلتىزى سۇ ئىچكەن ماكان ،
ئۆستۈردى ساناقسىز ياپيېشىل توغراق .

# قامەتلىك ئىلاھ

ئانا ۋەتەن قەدرىڭ ئۇلۇغ سېنىڭكى ،
ساڭا تالىق سۆيگۈ ـ ئىشقىم مېنىڭكى .

## 1

ئانام باققاچ پەپىلەپ مېنى ،
دولقۇنلىدى ،
تومۇرۇمدا ياشلىقىنىڭ قېنى .

## 2

سۆيگۈ ئىشقى تاراتتى سېزىم ،
ۋۇجۇدۇمغا .
مىڭ قۇياشنىڭ تەپتىنى جەملەپ .
قەدىمىمدىن قالسا ئۆچمەس ئىز ،
كۈلۈپ قاقاقلاپ ،
مەن بارىمەن يىراقنى كۆزلەپ .

## 3

ئايدىڭ ئاخشام چۈشتى تامچىلاپ ،
ئاينىڭ كۆز يېشى ،
لەۋلىرىگە خىلۋەت ئورمانىنىڭ .

شۇ تەرىزدە ئۆتتى قانچىلاپ ،
كۈتۈش ئىزدەپ بۇ ئەزىز ھايات .
يۈزلىرىگە سەپتى سوغۇق نۇر ،
ئۈيقۇسىراپ كەتكەن ئارمانىنىڭ .

4

تۇغۇپ بۇندا ئانا تەبىئەت ،
قالدۇرۇپ كەتتى ،
قامەتلىك ئىلاھ ،
نە ئىلاھكى شۇنچە سۆيۈملۈك ،
كۆركەم گۈزەللىك .

5

ئانام قۇياش ، ئاي ،
گۈزەللىكنىڭ شاھىدۇر ئەبەد .
پاك سۆيگۈمنى تۇغدى قايتىدىن ،
قانات بېرىپ گۈزەل تەبىئەت .
يۈزۈم يورۇق ،
شۇ سەۋەبتىن بولدۇم خۇش چىراي .

6

خۇشاللىقىم يەتتى پەلەككە ،
تۇرمۇشۇمۇ ھەردەم كۆكلۈك .

تاپتىم ۋەتەندە
ھەممىسىنى بەرگەچكە ۋەتەن،
دېمەن شۇڭا،
ۋەتەن ئۇلۇغ، ۋەتەن سۆيۈملۈك.

## دۇنيا

### 1

تەمەيىم يوق سەندىن ھېچنېمە،
ئويلاپ قويغىن،
قوۋۇرغام قىلىچ.
قەبرەڭ بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىم،
كەم - كۈتىسىز،
پەقەت بىر غېرىچ.

### 2

تاقاشىسمۇ كۆككە بوي - بەستىم،
شۇ قەدىردان،
تۇپراقتا ئۆستۈم.

## 3

كەلدىم يۈدۈپ ئازابلىرىڭنى ،
يۈرىكىمنىڭ خۇنى بولۇپ سەل .

## 4

پۈكۈلمىدى قەددىم تاغ سۈپەت ،
ئىستىقبالىم ،
يايغاچ كەڭ ئېتەك .

# سەھرالىقلار

سىلەر ئەزىز ، سىلەر سۆيۈملۈك ،
ئەجرىڭلاردا كۆكلەيدۇ دۇنيا .
ئىلاھ سۆيگەن ئالىقىنىڭلاردا ،
سانجاق ـ سانجاق ئۈنەر گۈل ـ گىياھ .

توپا چىراي ، تۇرقۇڭلار گۈزەل ،
كرىستالدەك سۈزۈك قەلبىڭلار .
ئالەم بىنا بولغاندىن بۇيان ،
شەھەرلىكنى بېقىپ كەلدىڭلار .

قۇرۇق سۆلەت ناكەسلەر تېخى ،
« قارا قورساق » دېدى سىلەرنى .
ئەسلى نەسلى سەھرالىق تۇرۇپ ،
ئۇنتۇپ كەتتى تۇغۇلغان يەرنى .

ئۆزۈڭلار خان ، ئۆزۈڭلار ھاتەم ،
ھاۋاسى ساپ گۈزەل سەھرادا .
شاپاق دوپپا ، ئۆسكىلەڭ ساقال ،
يادلىنىدۇ تۇمەن دىللاردا .

نېمىشقىلار كەڭرى ھەرقاچان ،
سېخىيلىقتا تەڭدۇر قۇياشقا .
كۆڭلۈڭلەرگە سىغىدۇ ئالەم ،
سىلەر ماھىر كۆڭۈل ئاياشقا .

ياشايسىلەر خۇشال ، ئۆم ـ ئىناق ،
زەررىچىلىك يوق كۆڭۈلدە داغ .
تەرلىنىدۇ جۇۋاڭلار ئىچرە ،
جىمى جانلىق ، ئادەم ھەممە چاغ .

باغلىرىڭلار ئازادە ، كۆركەم ،
چاقنىتىدۇ كۆزنى مېۋىلەر .

قۇتراپ كەتكەن بىر چاغدا ئەجەب ،
ئاشۇ باغدا تالاي دىۋىلەر .

ئىشكىڭلار قالمايدۇ ھېرىپ ،
ئوتۇن بېسىپ ماڭساڭلارمۇ گەر .
تۈگىمەيدۇ ناخشاڭلار مۇڭلۇق ،
بىر مەنزىلگە يەتكەنگە قەدەر .

بەك تېتىيدۇ شەھەرلىكلەرگە ،
چامغۇر سالغان ئۆينىڭ لەگمىنى .
مېھمان قىلىپ چۈشۈپ ئۇسسۇلغا ،
باشلايسىلەر مەشرەپ ـ نەغمىنى .

شۇ سەۋەبتىن ئىشقىم ، ئەقىدەم ،
سىلەر بىلەن تۇتاشتۇر ـ تۇتاش .
پاك سۆيگۈمنى قايتا كۆكلەتكەن ،
چېھرىڭلار گۈل ، مېھرىڭلار ئوتقاش .

2001 ـ يىل 11 ـ ئىيۇن ، يەكەن

# غەزەللەر

## ئىجادتىن باغ بىنا ئەيلەپ

ۋەتەننى بىر جانان بىلدىم يۈرەكتىن ئىقتىدا ئەيلەپ ،
ئۇنى قوغدايمەن ياۋلاردىن ئەزىز جاننى پىدا ئەيلەپ .
مەگەر كى ھۆسنى گۈل بولسا ، شېخىغا قونغۇچى بۇلبۇل ،
بولۇپ خەندانە سايرايمەن كېچە - كۈندۈز ناۋا ئەيلەپ .
تېپىلماس ھۆسنىگە تەڭداش ، قېنىم تۇپراق بىلەن رەڭداش ،
كېلۈرمەن گۈل - گىياھىنى كۆزۈمگە تۇتىيا ئەيلەپ .
ئۆتەرمەن پاك پېتى ھەر چاغ ئەقىدەمنى قىلىپ يولباش ،
تۇرۇپ يەڭنى چۈشەي جەڭگە مۇرادىمنى ئادا ئەيلەپ .
يېشىم ئاتلاپتۇ ئوتتۇزدىن ، ئۇپۇققا - نۇرغا تەلپۈندۈم ،
ۋەتەن - ئەلگە قىلاي تەقدىم ئىجادتىن باغ بىنا ئەيلەپ .

## مېنى

شاش ئېتىم دەپ ھەرنە قىلساڭ كۆندۈرەلمەيسەن مېنى ،
ناز - كەرەشمە ئويىنىتىپ ھەم كۈلدۈرەلمەيسەن مېنى .

قىيغىتىپ ھېسلارنى شېرىن خۇش چىراي كۈلسە ۋىسال ،
چاھارباغ ئىچرە سەنەمدەك كۆيدۈرەلمەيسەن مېنى .
بۇلبۇلۇم دەپ يىغلىساڭ ، گۈلزارغا نەچچە چىللىساڭ ،
ئوت بولۇپ يانماس يۈرەكتىن سۆيدۈرەلمەيسەن مېنى .
پاك ئىشق پاكلىققا تالىق ، جۇپ يۈرەك شادلىققا ھەم ،
گاھ دېسەڭ قارچىغا يەڭلىغ كەلتۈرەلمەيسەن مېنى .
غايىمىز ئوخشاش ئەمەسكەن ( توخۇمۇ داڭگال چۈشەر ) ،
سەن ئۆزۈڭچە جاننى قىيناپ ئۆلتۈرەلمەيسەن مېنى .

## باھار

ئاھ ، ئانامنىڭ باغرىدەك ئىللىق قۇچاق ئاچتىڭ باھار ،
يايرىتىپ دىللارنى تەپتىڭدىن ئىپار چاچتىڭ باھار .
نوتا ـ سۇمبۇللار ئۇسسۇلغا چۈشسە لەرزان شوخلىنىپ ،
تەبىئەتنىڭ ھۆسنىگە چىن سۆيگۈنى چاتتىڭ باھار .
تۇرنىلار كەلدى تۇزۇپ سەپ يۇرت بېغى ـ بوستانىغا ،
بىزغۇ بىز ، ھەتتاكى قۇشلار كۆڭلىگە ياقتىڭ باھار .
نۇر ئېمىپ ئۆستى قۇياشتىن گۈل ـ چېچەك ، كەڭ كائىنات ،
بارچە دېھقاننىڭ گۈزەل ئارزۇسىغا باقتىڭ باھار .
باغدا خۇشۋاق سايرىغان تورغايۇ كاككۇك ، بۇلبۇلۇڭ ،
ئەيلىدى مەست بۇ كۆڭۈلنى كۈيگە كۈي قاتتىڭ باھار .

بىر بۈيۈك خىسلەت مۇجەسسەم سەندە ، پەسىل ئەركىسى ،
ھەر گىياھ يىلتىزىغا ئەگىز بولۇپ ئاقتىڭ باھار .
تۆت پەسىل ئىچرە گۈزەللىك شاھىسەن ـ مەردانىسەن ،
ئەخمىدىنى ئىزگۈ ئىلھام قوينىغا ئاتتىڭ باھار .

## ئارمانلىرىم

يۈرەكنى ئاختۇرۇپ باقسام نى يۈكسەك ئارزۇ ـ ئارمان بار ،
ئەشۇ ئارمانلىرىم ئىچرە تالاي ئۇز ھۆرى ـ غىلمان بار .
تومۇردا ئاقسا ساپ قانلار گۈزەل ئىقبال ئۈچۈن ئويناق ،
پىقىردا ھەسسىلەپ غەيرەت ـ شىجائەت ھەممە ئىمكان بار .
ھاياتنىڭ يوللىرى مۈشكۈل ، ئۇنىڭدا ھەر دوقاللار كۆپ ،
ئاشۇ ھەربىر دوقاللاردىن ئۆتۈشكە مىڭ ئىمتىھان بار .
« ھاياتلىقتا بىلىم قانداق كىشىنىڭ يولدىشى بولسا »①،
ئۆگەنگەن شۇ بىلىم بىرلە ئىبنىقكى نامۇنىشان بار .
تەلمۈرۈپ تۇرغان بىلەن ھەم ئىگىلىپ سۇنغان بىلەن ،
نۇرلىنىپ كۈلمەيدۇ ئىقبال ، ئۇنىڭ كۆپ سىرى پىنھان بار .
قىلارمەن ھەرقاچان سەيلە بىلىمنىڭ قەدرىگە يەتسەم ،
ماڭا مەخسۇس ئاتاپ قويغان تۈمەن خىل گۈل ـ گۈلىستان بار .
ئەگەر مەندىن تىلەپ شەپقەت كى چاڭقاق دىل قاراپ تۇرسا ،

① بۇ مىسرا شائىر نىمشېھىتنىڭ .

ۋۇجۇدۇمدىن بىرەي شەربەت گويا چۆللەردە بوستان بار .
ئېچىلسا پاك تەرىم بىرلە ھاياتىنىڭ گۈللىرى شەكسىز ،
يېزىلغاي نامۇئەماللىم ئۇپۇقا ، شۇندا داستان بار .

## ئاي سۇلتان

ھەر ئاخشىمى تولۇن ئاي ماڭا مېھمان بولدۇ ،
ئۇنىڭ ماڭا دەيدىغان سىرى پىنھان بولدۇ .
ھارارىتى يۇرەكىنىڭ ئېشىپ بارسا پەيدىنپەي ،
ئۇنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى دىلغا ئىمان بولدۇ .
چىمىرلىتىپ كۆزىنى تۇرۇشىدىن چوقۇمكى ،
خۇشاللىقتىن ـ بەختتىن نامۇنىشان بولدۇ .
ھۇررا ! تووۋلاپ يۇلتۇزدىن چىققىنىدا سەپ تارتىپ ،
كۆك شەھىرىگە بىر ئۆزى ئادىل سۇلتان بولدۇ .
سىردىشىمەن كېچىچە ھەمراھ قىلىپ ئۆزۈمگە ،
ئاي سۇلتانىنىڭ سىرلىرى شۇندا ئايان بولدۇ .

## كەلدىمۇ

چاچلىرىنى ئۇيىنىتىپ ، ئاھ ، يارۇجانان كەلدىمۇ ،
تولغىنىپ مەجنۇن كەبى ئۇ بەخىرامان كەلدىمۇ .
سەيلىتىپ كۆكۈل بېغىمنى ، ئىشقىدىن ملك كۈلدۈرۈپ ،
ئۇزلۇقىدا تەڭدىشى يوق ھۆرى ـ غىلمان كەلدىمۇ .

ئىشقىنى بەرمەي نېچۇنكى جاننى ئاپتاپقا سېلىپ ،
سۆيگۈنىڭ جاڭگالىدا ئۇۋلاشقا پالۋان كەلدىمۇ .
ئاھ ، قۇدۇق قازساق مۇھەببەتتە كۇلۇپ يىڭنە بىلەن ،
تەرىپى سىغمايدۇ قۇرغا ، تىلدا داستان كەلدىمۇ .
چۆل ئارا ئىپىتساق جاراڭلىق ناخشىنى ھەمدەم بولۇپ ،
جور بولۇشقا چىن دىلىدىن چېچى بوستان كەلدىمۇ .
سۆيگۈنىڭ مەملىكىتىدە « كەل يىگىت بەختىڭنى تاپ » ،
دەپ مېنى زورلاپ شارابقا شاھى سۇلتان كەلدىمۇ .
« ئۇجمە پىش ، ئاغزىمغا چۈش » دەپ ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ ،
بەختىنى سورۇپلا كۆككە ھۆسنى گۈلخان كەلدىمۇ .
ۋەدىسىدۇر « مەن بارارمەن ، ئاي گۇۋاھ بولسۇن ئاڭا » ،
دەپ قويۇپ ياساپ كۆڭۈلنى سۆزى يالغان كەلدىمۇ .
ۋەسلىنى ئىزدەپ تېپىشقا ئەھمىدى تەييار ھامان ،
بۇ ھايات سەيناسىدا گۇلزار - گۈلستان كەلدىمۇ .

## دوستلارغا ...

رەنجىمەڭلار دوستلىرىم قاۋاقلاردىن كېتەي ئەمدى ،
زورلىماڭلار نەس ھاراققا ، بۇنىڭدىن تېز كېچەي ئەمدى .
تۇرمۇشۇم بولدى خاراب ، سەۋەبچىسى شۇمپەن ھاراق .
« ئىچ » دېسە « لەببەي » دېسەم دەرد - پىغان چېكەي ئەمدى .
ئويلىماي شىلتىڭ ئېتىپ ، شاھتەك ئۆتەرمەن دەپتىمەن ،

هالا بۇ كۈنده قەرزىممۇ كۆپەيدى ئاھ ، نىتەي ئەمدى .
تەگرىدىن شەپقەت تىلەپ يۈرسەم بىخۇد سەھراسىدا .
نە ئۈچۈن كىملەر ۋە كىمدىن بەخت ـ ئىقبال كۈتەي ئەمدى .
مەگەركى ئايرىلىپ قالسام سىلەردەك دوست ـ يارەنلەردىن ،
بەدەشقان قۇرمىغاچ ئەپسۇس يىگانە ـ تاق ئۆتەي ئەمدى .
جاھاننىڭ كارىمۇ چاغلىق ، نە ھاسىل بۇندا مەقسەتلەر ،
شۇ بولسۇن قىلمىشىم توۋا ! مۇرادىمغا يىتەي ئەمدى .

## خەتلەر

ساڭا مىڭ رەت سالام يازدىم ، جاۋابسىز قالدىغۇ خەتلەر ،
ئۈچۈپ بىرىپ ھۇۋقۇشلاردەك يۈرەكتىن ئالدىمۇ خەتلەر .
مىنىڭ كۆيگەنلىكىم بەختىم سىنىڭ ۋەسلىڭدە قالغاچقا ،
سۆيۈشكە ئىنتىزارىمنى دىلىڭغا سالدىمۇ خەتلەر .
تۇرار بەلكىم يۈرەكىمنىڭ نىداسىنى قىلىپ ئىزھار ،
چىرايى سارغىيىپ ئەپسۇس بىماردەك بولدىمۇ خەتلەر .
« سەن مىنىڭ » دەپ ۋەدە بەرگەن چاغلىرىڭ ئۇنتۇلدى بەس ،
پۈرلىشىپ جاۋاب كۈتۈپ قولۇڭدا ئۆلدىمۇ خەتلەر .
نىھايەت تەلمۈرۈپ باقتىم ، سۈيۈگدە نەچچە رەت ئاقتىم ،
بۇ بىرلە چەكتىما ھەسرەت ، ئوتۇڭدا كۆيدىمۇ خەتلەر .

## ئوقۇغۇچىلىرىمغا

مەن سىلەرگە گۈل بەردىم ، گۈل قەدرىنى بىلەر دەپ ،
كەلگۈسىدە ئەجرىمگە ئالقىش ـ ھۆرمەت كېلەر دەپ .
چاڭقىغاندا سۇ بەردىم راھەتلىنىپ قاندىڭلار ،
دېڭىزىدا تىلىسىمنىڭ دۇر ـ جاۋاھىر سۈزەر دەپ .
ئۈمىد كۈتتۈم ، ئويلىدىم بولسا شائىر ، يازغۇچى ،
ئەلگە ئاتاپ مەدھىيە تۈمەن مىسرا تۈزەر دەپ ،
ئىلىم ـ پەندىن ، ھېكمەتتىن نۇر تاراتتىم دىللارغا .
تولۇن ئايدەك كېچىدە بۇلۇت يېرىپ ئۈزەر دەپ .
سىياھ قىلىپ قېنىمنى سىلەر ئۈچۈن ئىشلىدىم ،
ئاپىرىن دەپ يۈرەكتىن ھۇزۇر ـ راھەت سېزەر دەپ .
كۆتۈردۈڭلار مېنىمۇ باشقا ئېلىپ ئەزىزلەپ ،
خۇشاللىقتىن ئۇستازىنىڭ كۆڭلى ئالەم كېزەر دەپ .
ھېچ تەمەننا قويمىدىم تۆھپەم تاغدەك بولسىمۇ ،
ئەل ـ ۋەتەننىڭ ئىشقىدا ئەزىز جاندىن كېچەر دەپ .

## ئانا

ئاپىراي دەيمەن سېنى مەككە ـ مەدىنەمگە ئانا ،
مىندۈرۈپ ماڭسامكى بوينۇم ياكى ئۆشنەمگە ئانا .

تامچە سۈتنىڭ قەرزىمۇ بولماس ئادا ، بولماس ئادا ،
مەن ئۈچۈن تۆككەن يېشىڭ ئوخشايدۇ شەبنەمگە ئانا .
سەن ماڭا بەردىڭ ئەقىل ـ هوش ، نە ئەقىل دۇنيا پۈتۈن ،
تاغ سۈپەت مېهنەتلىرىڭ ئوخشايدۇ گۈلشەنگە ئانا .
چۆچىكىڭنى ئاڭلىغان مەردلىك ۋە ۋىجدان جۈملىسى ،
شۇ سەۋەب ئوق بولدى قەهرىم ياۋغا ـ دۈشمەنگە ئانا .
بىر ساڭا جەننەت ياساي ئەجرىم بىلەن ، تۆهپەم بىلەن ،
يۈكلىدىڭسەن بىر مۇقەددەس يۈكنى يەلكەمگە ئانا .
قانچە قىلسام خىزمىتىڭنى بىر ئۆمۈر ئازلىق قىلۇر ،
بېرىدۇ مېهرىڭ هاياتلىق گۈلگە ـ كۆكلەمگە ئانا .

## قىزلار بولمىسا

بۇ هايات قەھ ـ قەھ ئۇرۇپ كۈلمەيدۇ قىزلار بولمىسا ،
بەيگىلەردە نام ـ ئاتاق كەلمەيدۇ قىزلار بولمىسا .
قىز دېمەك ، قىزلار دېمەك — ئۇ ئەتە ـ ئۆگۈن ئانىدۇر ،
هۆرمىتىڭ تەرىپكە ماس بولمايدۇ قىزلار بولمىسا .
هەم ئۇلارنىڭ گۈلگە تەققاس قامىتى داستان بۈگۈن ،
گۈل بېغىڭ گۈللەرگە لىق تولمايدۇ قىزلار بولمىسا .
ئاتىغان قىزلار پۈتۈن مۈلكىنى ئالەم هۆسنىگە ،

پۈۋلىسەڭمۇ چوغ ـ قوقاس يانمايدۇ قىزلار بولمىسا .
ھەممە ئىشتا شان ـ ئۇتۇقنىڭ سانى بار ، ئاساسى بار ،
تۇيغۇلار ئاسمان ـ پەلەك ئۆرلەيدۇ قىزلار بولمىسا .

## بالام

( ئانا تىلىدىن )

مېنىڭ قىلغان سۆزۈمنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت بالام ،
بەيگىلەردە ـ چېلىشتا رەقىبىڭنى ئۇت بالام .
قاچان تۆگەر نادانلىق ، قىلما قىلچە قاراملىق ،
ئەل ـ ۋەتەنگە ، مىللەتكە تىلە نۇسرەت ـ قۇت بالام .
كىچىكىڭدىن مەن سېنى ئەزىزلىگەن ـ ئاسرىغان ،
ۋەتەن ئۈچۈن يۈرىكى لاۋۇلدىغان ئوت بالام .
تىرىشمىساڭ ھاياتنا ، سەن قالىسەن ئۇياتتا ،
شۇندا سېنى ۋىجدانىڭ قىلار سوراق ـ سوت ، بالام .
لاغايلىساڭ ئۆگەنمەي ، پەندىن گۆھەر سۈزەلمەي ،
پۇشايماندا ئۆتىسەن دىلىڭ قارا ـ جۇت ، بالام .
ئالقىشلىسۇن تۆھپەڭنى بار كائىنات سۆيۈنۈپ ،
شۇ چاغ ھالال بولىدۇ بەرگەن ئاپئاق سۈت بالام .

## مەن شۇ

زەپەرنىڭ سازىنى چالغان بىلىپ قوي ئانىجان مەن شۇ ،
ئەبەد ئاقلاشقا ئەجرىڭنى قەسەمخور ناتىۋان مەن شۇ .
يولۇڭغا ئۈنسە ئاق يانتاق يالاڭياق چەيلىدىم بىر - بىر ،
ئۆركىشىم دەرياغا تەڭداش بالاڭمەن - نەۋقىران مەن شۇ .
ئىچىلسا نازۇنىمەتلەر سىخىي ئالىقانلىرىڭ بىرلە ،
كېلىشكە نە كېرەك مېھمان ، پەقەتلا دوست - ياران مەن شۇ .
چىللىساڭ جەڭلەرگە ئوغلۇم دەپ مىنى باتۇر بىلىپ ،
تەشەككۈر - ئىپتىخار مۇلكۇم بۈيۈك ساھىبقىران مەن شۇ .
قەلب قەسرىمنى ئاختۇرسام ئورۇن يوق ئۆزگىگە ھەرگىز ،
سىنىڭ بار مالۇمۇلكۇڭگە قاراۋۇل - پەھلىۋان مەن شۇ .
تەبەسسۇم پارلىغان چېھرىڭ - يۈزۈڭگە تەگسە تاش - داڭگال ،
كېچىپ قان سەپ ئارا مىڭ جەڭ قىلىشنى باشلىغان مەن شۇ .

## سىغىنىش مەكتۇپى

ئاي كۆلۈپ چىقسا ئۇ جاناندىن خەۋەر ،
نە جانانكى چېچى بوستاندىن خەۋەر .
سېھىرلەپ ئىشقى ۋۇجۇد تۇلپارىنى ،
بىر گۈزەل ئارمان ئۆزى شاندىن خەۋەر .
يەتمىدىم مەقسەت - مۇرادقا ، ئويلىدىم ،
ياغسا ئالقىش يەرۇئاسماندىن خەۋەر .

تامدى كۆپ ياش گۈلسۈرۈخنىڭ كۆكسىگە ،
تاڭ ئېتىپ كەلگەندە چولپاندىن خەۋەر .
سەپ تۈزۈپ يۈلتۈز قاتار بولغاندا جەم ،
ھېسلىرىم گوياكى فونتاندىن خەۋەر .
نەچچە تاڭ ئاتتىكى يىغلاپ - تەلمۈرۈپ ،
سېغىنىش مەكتۇپى - داستاندىن خەۋەر .

1996 — 2000 - يىللار ، يەكەن

## ئۇيغۇر قىزى

ئۇنىڭ ئوماق ئاغزىدىن يەل كېلىدۇ ،
تال چېۋىقتەك تولغىنىپ بەل كېلىدۇ .
خان قىزىدەك سۈلكىتى - سۇمباتىغا ،
ھېسسىياتىنىڭ ئۆركىشى — سەل كېلىدۇ .
قارىشى ئوقيا ئۇنىڭ ، ئوقيا ئۇنىڭ ،
چەنلىسە يۈرەككىمۇ دەل كېلىدۇ .
كۈلسە ئۇ قاش ئوينىتىپ ، باش ئوينىتىپ ،
لەرزىگە چولپانۇزۆھەل كېلىدۇ .
سېھرىدىن بىھوش بۇ تەن ئىشقىمۇ لال ،
چۈش كۆرۈپ ياتساملا ئۇ تەل كېلىدۇ .



# تەخمىسلەر

## كەل

( مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە )

كىرپىكىڭنى ئوقيا قىپ ، ئاتمايدىغان بولۇپ كەل ،
غەم تىغىدىن بىر سەكرەپ ئاتلايدىغان بولۇپ كەل ،
پاك سۆيگۈنى ـ ۋاپانى قاتلايدىغان بولۇپ كەل ،
كېلەر بولساڭ ئەمدى يار ، كەتمەيدىغان بولۇپ كەل ،
ئەڭ بولمىسا بىر ئاخشام كەچلەيدىغان بولۇپ كەل .

ھەر ئىنسانىنىڭ بېشىغا كېلەر ئىكەن تالاي دەرد ،
دەرد ئىچىدە تولغىنىپ ، ئىڭرايدىكەن مۇھەببەت ،
ئەڭ مۇھىمى سۆيگۈگە مۇناسىپتۇر ساداقەت ،
تۆرەلگەنمىز ۋاپادىن ، شۇبھىلەرگە نە ھاجەت ؟
جاندىن كەچسەڭ ، مېنىڭدىن كەچمەيدىغان بولۇپ كەل .

شۇندا سېنى قويمايمەن يار قېشىمدىن كەتكىلى ،
ئازابلانغان كۆڭلۈمنى بىر يولى خۇش ئەتكىلى ،
ماڭا بەرگەن ۋەدەڭنى ئەمەلدە كۆرسەتكىلى ،

ياغلىق بولسۇن قولۇڭدا ، كۆز يېشىمنى سۈرتكىلى ،
مېنى ئالداپ يالغان ئاش ئەتمەيدىغان بولۇپ كەل .
چىغىر يولدىن ، دوقمۇشتىن چىن سۆيگۈمىز باشلانسۇن ،
مەنزىلگاھقا كىم يېتەر ، دادىل قەدەم تاشلانسۇن ،
كېلىپ - كېتەر جاھان بۇ ، كۆڭۈل دائىم شادلانسۇن ،
كۆز ياشلارغا كىم خۇشتار ، بىزدە كۈلكە كۆپ بولسۇن ،
ئالتە كۈلۈپ ، بىر يىغلاپ پەسلەيدىغان بولۇپ كەل .

ۋىسال قۇچقان بۇلبۇلنىڭ قاناتلىرى قايرىلماس ،
ناۋا ئەيلەپ چىمەندە ، قىزىلگۈلدىن ئايرىلماس ،
گۈلدىن ۋاپا كەلمىسە ، خەندان ئۇرۇپ سايرىماس ،
بىللە چاپقان ئۆستەڭنىڭ ھېكايىسى ئۇنتۇلماس ،
بۇ كۈنلەرنى تا مەڭگۈ ئەسلەيدىغان بولۇپ كەل .

ئۆتسەم دەيمەن سەن بىلەن سۈرۈپ پەيزىن ياشلىقنىڭ ،
( ھوسۇلى بەك ئوخشايدۇ بىز تېرىغان ئاشلىقنىڭ ، )
يوق قەلبىمدە شەپىسى بىر ساڭىلا ئۆچلۈكنىڭ ،
بىللە چېچىپ ئۇرۇقنى ئېتىزىغا جۈپلۈكنىڭ ،
يەنە بىللە خامانلار چەشلەيدىغان بولۇپ كەل .

ئۆز ۋاقتىدا مەن ئەخمەق قەدرىڭنى ھېچ بىلمىگەن ،
نەچچە پۇرسەت كەتتىلەر خۇشال ئويناپ - كۈلمىگەن ،

مانا ئەمدى مۇپتىلا دەردكە ، تېخى ئۆلمىگەن ،
ئىنسان دېگەن دۇنياغا دەرد تارتقىلى كەلمىگەن ،
جۇدالىقتا دەرد ـ ئەلەم چەكمەيدىغان بولۇپ كەل .

بۇقۇلدايمەن ئىچىمدە مەنبەسى يوق بۇلاقتەك ،
كۆيدۈرمىگەن ھېچ كىشى مېنى سەن يار ـ ئوماقتەك ،
ھەممە ئەزا ساق تۇرۇپ بولدۇم گويا چولاقتەك ،
قاچانغۇچە يۈرىمىز كاككۇك بىلەن زەينەپتەك ،
دۈشمەن ئاتقان تاش ـ داڭگال يەتمەيدىغان بولۇپ كەل .

## قىزلار

( ھوشۇر ئىبراھىمنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە )

سۆزۈمنى قايتىدىن باشلاي ، سىلەرگە تەگمىسۇن قىزلار ،
جاپايىڭلارنى مەن قاتلاي ، سىلەرگە تەگمىسۇن قىزلار ،
پىيالەڭلەردە چاي ئوتلاي ، سىلەرگە تەگمىسۇن قىزلار ،
كۆزۈمنى مەن ئۈزۈپ تاشلاي ، سىلەرگە تەگمىسۇن قىزلار ،
تىلىم كۆيسۇن ، خۇسۇمەتلەر سىلەرگە يەتمىسۇن قىزلار ،

مېنى سىلەرگە رام قىلغان كۆزۈڭلار ئەسلى يۇلتۇزدۇر ،
چېتىپ ئىشقىمنى لال قىلغان چېچىڭلار قارا قۇندۇزدۇر ،
ۋىسال پەيتى يېتىپ كەلسە ، كېچە گوياكى كۈندۈزدۇر ،

كۆزۈڭلار چاقنىغان چولپان ، قېشىڭلار ئايغا ئەندىزدۇر ،
لېۋىڭلار غۇنچىدەك يۇمران ، توزانلار قونمىسۇن قىزلار .

سىلەرگە كەلسىكى زەخمەت ، چېكەي پەرياد ، كۆيەي ئوتتا ،
ئۈنىڭچۈن رەھنەما ئەيلەپ ، تۈمەن مىڭ يىل ياتاي سوتتا ،
تەبەسسۇم نازۇخۇلقىڭلار يۈرەك ئوينىتسا ھەر يۇرتتا ،
چېچىڭلار ئەۋرىشىم تالدەك ، بېشىڭلاردا چىمەن دوپپا ،
بويۇڭلار تىك چىنار يەگلىغ ، شامالّلار ئەگمىسۇن قىزلار.

كى قاي ئەركەك ھۆزۈرلانماي تورالغاي گۈل سېيماسىدىن ،
تەرەھھۇم ئەيلىبان جەزمەن ئۈنى تۇغقان ئاناسىدىن ،
قورقماس ئاشۇ ئەركەكلەر ئۈنىڭ كەلمىش بالاسىدىن ،
قېلىشمايدۇ ئۈزۈن كۆگلەك گويا شاھلار لىباسىدىن ،
گۈلى چاقنايدۇ يۈلتۈزدەك ، تۇمانلار توسمىسۇن قىزلار .

گۈزەل كۈيلەردە مىڭ مەررە ئاشار شۆھرەتپەرەس ئەردىن ،
كېلەر ئىشچانغا ھەر دائىم تەشەككۇر ـ ئىپتىخار ئەلدىن ،
مۇھەببەت دېگىزى ئىچرە غۇلاچ تاشلاپ ئۈزەر سەلدىن ،
چىمەنلەر يەلپۈنەر نازۇك ، سەھەر ـ ئاخشام يېنىك يەلدىن ،
قەدەملەر شۇ كەبى لەرزان ، قۇيۇنلار بۇزمىسۇن قىزلار .

كېتەر راھەتلىنىپ تەنلەر ، سۆيۈشسەك لەۋ يېقىپ جۇتتا ،
نە جۇتكى تولغىنىپ قىلدەك ، كۆيەر تەن چوغلىنىپ ئوتتا ،
قېتىپ نەزمەمگە گۇل يۈزلۈك سەنەمنى سازلىدىم دۇتتا ،
چىرايدا ھۆر - پەرىلەردىن گۈزەل ھەم ئاي خىجىل ھەتتا ،
ئەقىل - زېھنى ئەزىم دەريا ، بىھۇدە ئاقمىسۇن قىزلار .

دەۋر ئۈندەيدۇ جەڭگاھقا ، سەپەردە ئارتتا قالماڭلار ،
جۇدۇن - چاپقۇندا ئىبلىسقا چىراي ئاچماڭلار ، كۈلمەڭلار ،
گۈزەل ئەخلاق ، ئىجاد بىلەن ياشاڭلار ، مەڭگۈ ئۆلمەڭلار ،
چېلىشتا ، ئىشتا - ئەمگەكتە ، بىلىمدە كۆككە ئۆرلەڭلار ،
گۈزەل ياشلىق باھارىڭلار بىكارغا كەتمىسۇن قىزلار .

## رەنجىدىڭ

( ھوشۇر ئىبراھىمنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە )

ئات مىنىپ سەن تۇنجى رەت چىققان شىكاردىن رەنجىدىڭ ،
نە شىكاركى سۆزى - لەۋزى ئاشكاردىن رەنجىدىڭ ،
ئەمگەك سۆيەر دېھقان قىزى — بىر پاختىكاردىن رەنجىدىڭ ،
ئايالىم قىز تۇغدى دەپ دوستۇم بىكاردىن رەنجىدىڭ،
تۆھپىسى ئالەمشۇمۇل سەن دىل نىگاردىن رەنجىدىڭ .

سەن ئېشەك مىنگەن تۇرۇپ تۇلپارغا مىنىدىمغۇ دېمە ،
شۇنچىلىك ماختانغۇدەك ئەل ئالدىدا تۆھپەڭ نېمە ؟
زەپمۇ تېز ئۆتتى بۇ كۈنلەر دەپ ئۆزۈڭچە غەم يېمە ،
يىلتىزى بولماي دەرەخنىڭ بەرمىگەي ئالتۇن مېۋە ،
ئەسلي ئەجدادىڭ مۇنەۋۋەر ، سەن موماڭدىن رەنجىدىڭ .

سىرلىرى كۆپكە ئايان ياشلىق ھاياتنىڭ دۇلدۇلى ،
شۇبھىسىز قىزلارغا تالىق ئۇشبۇ تۇرمۇشنىڭ يولى ،
مەززىسىز ئۆتكەيمۇ كۈنلەر بوپقېلىپ خەقنىڭ قۇلى ،
قىز ھاياتلىقنىڭ گۈلى ، گۈلدەك ھاياتلىق بۇلبۇلى ،
ئەس ـ ھوشۇڭنى يوقىتىپ تەكتى ئاناڭدىن رەنجىدىڭ .

ناخشا توۋلاپ سەن ئۆزۈڭ قاي كوچىدىن ئۆتكەن ئىدىڭ ،
شۇ بىلەن نى ـ نى گۈزەل ئارزۇ ـ ھەۋەس كۈتكەن ئىدىڭ ،
مىڭ بىر جاپا ـ مۇشكۈل بىلەن ئارمانغىمۇ يەتكەن ئىدىڭ ،
بولمىسا قىز ، سەن قەيەردىن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىدىڭ ،
سەن ھاياتلىققا نىجاتكار قىز بالاڭدىن رەنجىدىڭ .

شۇم تىكەنلەر يوللىرىڭنى تورىسا قىلدىڭغۇ مات ،
بەيگىلەردە ھەرقاچان سەن چىقىرىپ ئۇچتۇڭ قانات ،
ئايالىڭ كۆردى نى مۇشكۈل بولغاچقا ئۇ ئىككى قات ،
سۈيى يوق ئۆستەڭ قەيەردە ، قىزى يوق گۈلگۈن ھايات ،
سەن ھاياتلىق باغۇنى قەددى چىناردىن رەنجىدىڭ .

# دەيمەن

( يالقۇنجان ئىسلامنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە )

سېنى كۆرمەككە زار بولدۇم يولۇڭدا جان بېرەي دەيمەن ،
دوزاخقا نەچچە پۇل كەتسە بەدەل تۆلەپ كىرەي دەيمەن ،
قىل كەبى تولغانغىنىمنى ئۆزۈڭگە بىلدۈرەي دەيمەن ،
ۋاپا ، ۋىجدان نۇمۇس چىندىن سېنى ياخشى كۆرەي دەيمەن ،
كۆزۈمگە تۇتىيا ئەيلەپ ۋىسالىڭنى سۈرەي دەيمەن .

قۇياشنى دەيدىكەن خەقلەر قىزىكەن ئەسلى ئاسماننىڭ ،
ئاشۇ قۇياش تۆكەركەن ياش يۈزىگە تاغدا ئورماننىڭ ،
قۇلىغا ئايلىنىپ قالدى پېقىرمۇ سۆيگۈ ـ ئارماننىڭ ،
سېنىڭدە بولغۇسى زاھىر سۈپەتى ھەرنە ئىنساننىڭ ،
بولۇپ ئاشىق جۇنۇن مەڭگۈ سېنى دىلدىن سۆيەي دەيمەن .

سېنىڭ ۋەسلىڭ قۇچالماي بەس ، ھاياتىنىڭ تاڭلىرى ئاتماس ،
گۈزەل ھېسلار ، گۈزەل ئارمان كۆڭۈل خانەمگە ھېچ پاتماس ،
يۈرەكنى مۇزغا داغماللاپ غېرىبنىڭ باشلىرى قاتماس ،
مەگەر ئاسماندا سەن تاپماي ، سېنى كۆڭلۈم ئارام تاپماس ،
مەگەر يەر ئاستىدا بولساڭ ، قېزىپ تۇپراق كىرەي دەيمەن .

كۆرۈشتۈم سەن بىلەن بىر كۈن چۈشۈمدە تال باراڭلىقتا ،
كېپىنەك قوغلىشىپ ئويناپ يۈرەرمىشمەن قارامىلىقتا ،

ئۆتەرمۇ كۈنلىرىم شۇنداق خىيال بەرگى ساراڭلىقتا .
سېنىڭ بىلەن كۈنۈم ئۆتسە پىقىرلىق خارۇزارلىقتا ،
ئۇنى راھەت بىلىپ جەزمەن كى مەغرۇر بىر كۈلەي دەيمەن .

جاپا چەكسەممۇ مەيلىتى يۈرەكلەر غۇنچىدەك كۈلسە ،
ئىشق كەپتەرلىرىم پەرۋاز قىلىپ كەلسە ، جانان بىلسە ،
نە ئارمان ئەھمىدى جىسمى كۆيۈپلا كۈلگە ئۆزگەرسە ،
سېنىڭدىن ئايرىلىپ يالقۇن كى شاھلىق قەسرىگە كىرسە ،
ھاياتتىن ۋاز كېچىپ بىر يول ئۆلۈمىنى تىلەي دەيمەن .

## ئامراقلىقىم باردۇر

( مۇساجان يۇنۇسنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە )

ئاتامنى خۇش قىلىپ بىر چاغ تۇغۇلدۇم ئاقلىقىم باردۇر ،
قىلىقلار شۇقەدەر سۇمبات زىرەك - ئوماقلىقىم باردۇر ،
قۇياشنى چالمىلاپ يۈرگەن كەبى بويتاقلىقىم باردۇر ،
ھايات تۇپراقىدا قۇملۇق كەبى چاڭقاقلىقىم باردۇر ،
پىغان ھەسرەتلىرىمگە جور تېتىك ، قۇۋناقلىقىم باردۇر .

قارا تۈنلەردە پەر قاقسام كى مەشئەلدۇر تولۇن ئايىم ،
يېتەر مەنزىللىرىم مۇشكۈل ، پەقەت جەننەتتىدۇر جايىم ،

چېچەكلەپ مېۋىلەر بەرسە باھاردا باغۇبوستانىم ،
زەئىپ ئۆمچەيسە تۈنلەردە كۆتۈپ تەسكىن يېتىم ئاھىم ،
كۆلۈشكە ۋەخپە ئەيلەنگەن بۈيۈك مۇشتاقلىقىم باردۇر .

رەقىبنىڭ ئوقلىرى پىنھان پېقىرغا دەمدە تەگلەكلىك ،
ساماغا پەر قېقىپ ئۇچسام ئۈپۈقمۇ سۈرتىدۇ ئەگلىك ،
بىلىپ بولمايدۇ مىڭ ئەپسۇس جاھان قاي كۈندە تەگشەكلىك ،
پېقىر قايىنايدىغان نۇرغۇن قازانلار تەقمۇتەقلەكلىك ،
شۇڭا بەستىم ئەمەس ھەيۋەت ، تېخى ئاۋاقلىقىم باردۇر .

يىگىتلىك خىسلىتىم بولغاچ كۆتەر تەشنا بولۇپ قىزچاق ،
ھاياتقا گۈل تېرىپ ئۆتكەچ يۈرەكتە ھېسلىرىم ئويغاق ،
زەئىپلىك نە سەۋەب بولدى خۇشال ئۆتمەكلىكىم قانداق ؟ ...
قىسىپ گۈل رەڭمۇرەڭ سەرخىل تۇرار ئاشىقسىراپ قىرغاق ،
چۆچۈتكەن نەچچە قايىنامنى جەسۇر ئويناقلىقىم باردۇر .

ئەجىر - مېھنەتلىرىم بىرلە ياسايمەن ھەرقاچان گۈلباغ ،
ئېگەر بوينىنى تۆھپەمدىن پەلەك ئۆزرە تاقاشقان تاغ ،
قانات سىلكىپ ئۇچار لەرزان قۇياشلىق ئاسمىنىمدا زاغ ،
يېقىلماق - ئۆرە بولماقلىق يىگىتلىك قىسمىتى ھەرچاغ ،
چېلىش مەيدانىغا ئىشقىم ، ئېجىل - ئامراقلىقىم باردۇر .

# ئەيلسەم

( مۇھەممەت مۇسانىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە مۇۋەششەھلىك تەخمىس )

مەن پېقىر ئوغلان ئەمەس يۇرتۇم سېنى ياد ئەتمىسەم ،
سەندە تاپقان شۇ ئەقىل بىرلە مۇرادقا يەتمىسەم ،
پەن ـ ئىجاد دۇلدۇلىغا مىنگەنچە تاغدىن ئۆتمىسەم ،
بىر ئۆمۈر قوينۇڭنى يۇرتۇم باغۇبوستان ئەيلىسەم ،
شۆھرىتىڭنى كۈيلىرىمدە ناخشا ـ داستان ئەيلىسەم .

ئەمدى كۆكنىڭ قەھرىدە لەرزان ئۇچۇپ ئەجرىم بىلەن ،
كېتىدۇ راست تەلۋىلەر ـ ناكەس چۆچۈپ ئەجرىم بىلەن ،
يۇرىكىدە لەختە ـ لەختە قان ئۇيۇپ ئەجرىم بىلەن ،
ئىلمۇئىرپان ئۆتكىلىدە شان قۇچۇپ ئەجرىم بىلەن ،
قۇچىقىڭنى تۆھپىكارغا كەڭرى ئىمكان ئەيلىسەم .

كەپتىرىڭمەن كېچە ـ كۈندۈز ئۈنلىگەن ـــ ئۈنۈم سېنىڭ ،
باغۇىنى بولدۇم ئەبەد پەن ـ مەرىپەت گۈلزارىنىڭ ،
دەردىگە دەرمان بولاي دەيمەن خەلق ئاھ ـ زارىنىڭ ،
ساڭا بولغان سۆيگۈ ـ مېھرىم شۇقەدەر چوڭقۇر مېنىڭ ،
قان ـ تەرىمدىن چۆللىرىڭنى گۈل ـ گۈلستان ئەيلىسەم .

ئېچىلۇر ھەر ياندا ئەجرىم بەرگەندىن باغىڭدا گۈل،
ئاشۇ گۈلنى قىسقىنىمچە ئويىنىدىم لەرزان ئۇسسۇل،
ئانا يۇرتۇم مەن سېنىڭ ئوغلۇڭ سالامىم قىل قوبۇل،
باغلىرىڭدا مېۋىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن لال كۆڭۈل،
مەن بولۇپ شۇ باغدا بۇلبۇل مەڭگۈ خەندان ئەيلىسەم.

تاپمىدىم دىلخانە سەندەك ئۆزگە يۇرت قاتارىدىن،
ياڭرىغاي دىلكەش مۇقام تەمبۇر، غېجەك، ساتارىدىن،
ئەھمىدى ئۈزمەس كۆڭۈلنىڭ رىشتىنى ئۆز يارىدىن،
سەندىكى تەرەققىياتقا دەيدۇ ئەللەر ئاپىرىن،
ئارمىنىم يوق سەن ئۈچۈن بارىمنى قۇربان ئەيلىسەم.

## سەن كېتىپ

(ئابدۇلئەھەت داۋۇتنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە)

باچكىدەك ئۈنلەردە قالدىم سەن كېتىپ،
تار قەپەس ـ ئۆيلەردە قالدىم سەن كېتىپ،
مەززىسىز كۈنلەردە قالدىم سەن كېتىپ،
بەك قىيىن كۈنلەردە قالدىم سەن كېتىپ،
كۈن ئەمەس، تۈنلەردە قالدىم سەن كېتىپ.

ماڭا يار بولغان ئىدى شان ۋە ئۇتۇق،
بولمىغان سۆيگۈ قۇياشىمۇ تۇتۇق،

ئىدى ئۆتكەن كۈنلىرىم - كۆڭلۈممۇ توق ،
ئۇيقۇ يوق ( ئورنۇڭ قۇرۇق ، باغرىم سۇنۇق ) ،
تۈن بويى دۇتارنى چالدىم سەن كېتىپ .

ئىچ - ئىچىمدىن شادلىنىپ كۈلگەن ئىدىم ،
شۇ سەۋەبتىن بىر ساڭا كۆيگەن ئىدىم ،
نە كۆيۈش ئۇ دىل بېرىپ سۆيگەن ئىدىم ،
تەڭنە - داسنى قاي زامان كۆرگەن ئىدىم .
كىر يۇيۇپ « مەرگەن » سانالدىم سەن كېتىپ .

قالدۇرۇپ كەتتىڭغۇ ھىجران داغىنى ،
سۆيۈپ قوي بالامنى سۆيگەندەك مېنى ،
ئالبومىمدىن ئاختۇرۇپ تاپتىم سېنى ،
ئوخشىغان لەڭمەن ، پولۇ ، مانتا قېنى ؟
داغ سۇغا گاھ ئۇننى سالدىم سەن كېتىپ .

تەنھا ئۆتتۈم ، باشقىسىنى ئىزدىمەي ،
ئامال قانچە ، سېنىڭ ئۈچۈن غەم يېمەي ،
تۇرامسىنا جېنىم پەقەت ئۈندىمەي ،
كۆل - بۇلاققا چاپقىنىمنى بەس دېمەي ،
« سوغىچى » دەپمۇ ئاتالدىم سەن كېتىپ .

ئوت - سامان يېمەيدۇ ھەتتا قوي - كالام ،
سېغىنىپ قالدى سېنى ھەم شوخ بالام ،

نەچچە قىلدىم ياستۇقۇڭغا ئېھتىرام ،
قالمىغاچ تاقەت ، يازاي دەپ خەت سالام ،
مەن قەلەم ـ قەغەزنى ئالدىم سەن كېتىپ .

مەن سېغىندىم زەپ ئىنتىزار قىلدىڭا ،
تاجۇتەختىم ، سۆيگۈ ـ ئىشقىم خاس ساڭا ،
بار ئاۋازدا ئىلتىجا قىلدىم شۇڭا ،
« كەل يېنىپ ۋىسال شارابى بەر ماڭا » ،
يەتتى ھاردۇق ، بەكمۇ تالدىم سەن كېتىپ .

## بۇ يىللار

( مۇھەممەتجان ئەبەيدۇللانىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە )

جىمىرلىغان كۆكتىكى ھۆكەر ئىكەن بۇ يىللار ،
پەسىل ئاتلاپ قىز كەبى مۆكەر ئىكەن بۇ يىللار ،
گۈل ياشلىقنى قېرىتىپ كېتەر ئىكەن بۇ يىللار ،
كارۋانلاردەك قوغلىشىپ ئۆتەر ئىكەن بۇ يىللار ،
كۆز ئاچقۇچە ئالدىڭدىن يۇتەر ئىكەن بۇ يىللار .

ئەجىر قىلىپ ئىشلىسە ئامبار تولار ئاشلارغا ،
تۇرمۇش خۇشال ئۆتىدۇ كۆزۈڭ تولماي ياشلارغا ،
ئۆز ۋەزنىنى ئۇيىدۇ ھايات شۇندا تاشلارغا ،

قورۇق بېرىپ يۈزلەرگە، ئاق سانجىتىپ باشلارغا،
«قېرىتتىم» دەپ ئۆزىچە كۈلەر ئىكەن بۇ يىللار.

گۈل تاقايدۇ بۇ يىللار مېھنەت سۆيگەن كىشىگە،
شېكەر - ناۋات سالغاندەك بىلىنىدۇ ئېشىگە،
قوشار بۇندا بىر ياشنى ھەممە ئادەم يېشىگە،
ئېسىلغانلار ھەر دەقىق ئۇچقۇر يىللار پېشىگە،
ھەر مەنزىلدە مىڭ قامۇس پۈتەر ئىكەن بۇ يىللار.

جاپا چېكىپ، تەر تۆكۈپ بېيىغانلار پۇلىغا،
مەكتەپ سالدى يۇرتىغا تۆكۈرۈپلا قولىغا،
گۈل ئۈندۈرۈپ ياشىدى مەڭگۈلۈك ئوت - سولىغا،
ھەربىر يىلنى ئۆزگىچە كۈتكەنلەرنىڭ يولىغا،
خىزىر كەبى بەرىكەت تۆكەر ئىكەن بۇ يىللار.

سىنايدىكەن كۈن، ئاي، يىل ئىش - ئەمگەكتە پىشقاننى،
ئالقىشلايدۇ دەۋرىمىز ھەر ساھەدە ئىشچاننى،
مانا بۈگۈن كۆردۇقۇ زور شان - شەرەپ قۇچقاننى،
قانات قىلىپ ئۈمىدنى زەپەر بويلاپ ئۇچقاننى،
ھۆزۈرىدا ئالقىشنىڭ كۈتەر ئىكەن بۇ يىللار.

يېڭى يىلدا يېڭىچە كۈي كۈيلەيدۇ ھەر دىللار،
بىز بىلىمىز ھەر ئىشتا «ئىشنىڭ بېشى بىسمىللا»،

چىڭ تۇتىدۇ پۇرسەتنى ئىجاد بىلەن ئاقىللار ،
ئىشرىتىدىن دۇنيانىڭ كەيپ بولغان غاپىللار ،
ئاخىر پۇشمان كۆلىگە چۆكەر ئىكەن بۇ يىللار .

پۈۋلىگەنگە يانمايدۇ ئۆچۈپ بولغان ئوت دېگەن ،
قىرىتىدۇ ئادەمنى مېڭىشۈرىپ پۇت دېگەن ،
ھەر بەيگىدە ئاتامۇ تاپىلىغان « ئۇت » دېگەن ،
مەردانىلارغا ئۆكسۈمەس ئامەت دېگەن ، قۇت دېگەن ،
قۇچاقلارنى ئالتۇنغا كۆمەر ئىكەن بۇ يىللار .

1995 — 1997 - يىللار ، يەكەن



# قىتئە ۋە رۇبائىيلار

## ساتىرىك قىتئەلەر

تاملىرىمدا قانچە قات ـ قات گىلەم بار ،
يۇرىكىمدە ئون مىڭ تاغار ھىيلەم بار .
غەم قىلمايمەن تۇرمۇشۇم بەك باياشات ،
بىرلا قازان ، بەش ـ ئالتىدەك چىنەم بار.

× ×

مەن ئۆزۈمنى بەك ئەقىللىق سانايمەن ،
شامال چىقسا كۆندە ئۇسسۇل ئوينايمەن .
« بىر توغرام نان بىرىمەن » دەپ شىللەمگە ــ
كاچاتلىسا تاڭ ئاتقۇچە قاۋايمەن .

× ×

ئۇخلىسام ئالىي مەنسەپ چۈشەيمەن ،
خىزمەتنىمۇ كۆز بوياپلا ئىشلەيمەن .
نام ـ ئاتىقىم چىقمىسىمۇ كارىم يوق ،
خۇرسىنىمەن ، بارمىقىمنى چىشلەيمەن .

× ×

ھەرنە ئىشنى ئەپلەشتۈرۈپ كېتىمەن ،
مەنزىل يىراق ھامان بىر كۈن يېتىمەن .
ئارزۇلىرىم بۈيۈك ، گۈزەل بولغاچقا ،
ئۆزۈمنى ھەم ئۆزۈم « ھاتەم » ئېتىمەن .

× ×

مەي ئىچىمەن گاھى يوغان تاۋاقتا ،
تۈرغاندەكلا گويا ئېگىز راۋاقتا .
ئىشتىنىممۇ ئاشماس قىلچە تىزىمدىن ،
چاي دەملىمەي ئىچسەم شىكەر - ناۋاتتا .

× ×

چاپىنىمغا توپا - توزان قونمايدۇ ،
« تويوتا »غا زادى كۆڭلۈم قانمايدۇ .
ئەل ئىچىدە « ۋەيرانە » دەپ نامىم بار ،
شۆھرىتىمدىن دىلىم قىلچە سۇنمايدۇ .

× ×

ئۆز ئەقلىمدىن كۆڭلۈم شۇنچە سۆيۈنەر ،
ئايال زاتى كۆزۈمگە ئوت كۆرۈنەر .

يۇرت ئىچىدە شاللاقلىقىم مەشھۇردۇر ،
خالايىققا شۇڭا دەيمەن : « بۇ ھۈنەر » .

× ×

شۆھرىتىمنى بىلسە دەيمەن نەۋرەممۇ ،
نەپ ئالسىكەن ھەتتا ئۇندىن چەۋرەممۇ .
قۇم بېسىپتۇ ئىزلىرىمنى ھاياتتا ،
ئەما كەبى تەمتىرەپتۇ جەبرەممۇ .

1995 - يىل 15 - ئاپرېل ، يەكەن

## قىرتاق رۇبائىيلار

### 1

ھاياتىڭغا گۈل چەك ، نەقىش چەك ،
ھۇرۇنلۇققا سېلىپ چىلىك ئېكەك .
پۈتمەس ھەرگىز قەۋەتلىك بىنا ،
بولسىمۇ كۆپ قۇم ئارىلاش كېسەك .

### 2

بۇ ھايات ھەممىگە مۈشكۈل ئىمتىھان ،
ئۇنىڭدىن قېنى كىم ئۆتىدۇ ئاسان .

ئادرىسى يېزىلىپ ئۇپۇققا كۆركەم،
گۇۋاھلىق بېرىدۇ يەر ـ زېمىن، ئاسمان.

### 3

ئادەمدە بار مۇھەببەت ـ نەپرەت،
بۇ خىسلەتنى تۇغقان تەبىئەت.
پەرق ئەتسە كىم ياخشى ـ يامانىنى،
چەكمىگەي ئۇ ئازابتىن ھەسرەت.

### 4

ئىشقىڭ بىلەن دوست تۇت ھۈنەرنى،
پەن كانىدىن قېزىپ گۆھەرنى.
شۇندا پەرق ئېتەلەيسەن راست،
ھەل بېرىلگەن تۇچ بىلەن زەرنى.

### 5

غادايمىغىن مەيدەڭنى كېرىپ،
خەس ئورنىغا ئۆتكىن گۈل تېرىپ.

ئەل قەلبىدە تىكلەپ ئابىدە ،
ئۆتسەڭ ئەگەر كەتمەيسەن قىرىپ .

## 6

تۆت كۆز بىلەن كۈتكەنلەر قېنى ،
مەنزىلگە تېز يەتكەنلەر قېنى .
بىلسە ھايات بىر مۈشكۈل سىناق ،
ئۈندىن ئاسان ئۆتكەنلەر قېنى .

## 7

ئىچمىدىم تەمەننىڭ رومكىسىدا مەي ،
گەر ئىچىپ قالغاندا قىلىۋېتىمەن قەي .
ئەجەلنىڭ نۆۋىتى كەلمەي تەمەخور
سېسىيدۇ چوقۇمكى ھوشىنى بىلمەي .

## 8

سالىمىمنى ئالمىدىڭ ئىلىك ،
ھۆرمىتىم بار ساڭا بەلگىلىك .
تايانچى بولسا ئۇنىڭ يېنىدا ،
ئېگىز ئۆسەر يۇمران چىڭگىلىك .

## 9

كەلدىم مەن بىر تالاي غەملەرنى يۇدۇپ ،
دوقاللار دۇچ كەلسە گاھى مۇدۇرۇپ .
چاڭقىدىم تومۇزنىڭ ئاپتاپلىرىدا ،
دەرىخا ! بىر تامچە سۇغا تەلمۈرۈپ .

## 10

كى قانداق ئىنساندا بولمايدۇ ئارمان ،
گەر ئۇنىڭ مەنزىلى بولسىمۇ ئاسمان .
شۇ ئاسمان پېشىگە ئېسىلسام دەيدۇ ،
تۇپراقتىن ئۈنگەن كۆك — گۈل - گىياھ ، ئورمان .

## 11

ئاسمان دەيدۇ : زېمىن گۈزەلمىش ،
زېمىن دەيدۇ : ئاسمان گۈزەلمىش .
جاھان كېزىپ ئايرىسام دەيمەن ،
بۇ سوئالنى بولۇپ بىر دەۋرىش .

## 12

كۆنۈپ قالدىم تار — قەپەستەك كەپەمگە ،
چىقىۋالدىم ئارزۇ - ئۈمىد مەپەمگە .

ئۆزگىلەردىن غەم قىلمايمەن كۆڭلۈم توق ،
تەڭ قىلمايمەن راھىتىمنى ھاتەمگە .

## 13

قالدىمەن نەچچە رەت ساڭا ئۇچراپ ،
قويمىدىڭ ھېچ مەندىن بىر ئەھۋال سوراپ .
ھە ، بىلدىم مەن بۇگۈن سىرىڭنى تۈگەل ،
مەن قۇرۇق ئۆستەڭگە بولغاچقا مىراپ .

## 14

نادانلىق چۆلىدە يۈرمە تەمتىرەپ ،
ھالسىراپ قالىسەن شۇندىلا چاڭقاپ .
ياراملىق ئوغۇل دەپ نام ئالاي دېسەڭ ،
ئاھ ، ھەربىر قەدەمنى تاشلىغىن بايقاپ .

## 15

ھېچبىر نەرسە ئېھۋەنسىز ئەمەس ،
سىرلىرىنى بىلىپ بولماق تەس .
بۇ ھاياتنىڭ يوللىرى مۈشكۈل ،
بەزى قىڭغىر ، بەزى ئېگىز – پەس .

## 16

سوراپ قالدىڭ مېنىڭدىن ئەجەب ،
قايسى گۈلگە كۆڭۈل بەردىڭ دەپ .
جاۋاب بەردىم گۈلزارلىق ئارا ،
پۇشمان قىلدىم تېكەنگە دەسسەپ .

## 17

ئۇنتۇلماس ياخشىلىق ۋە بىر يامانلىق ،
تىلەيمەن ياخشىغا ھەردەم ئامانلىق .
مۇھەببەت ـ نەپرەتنى بىلمىگەنلەرنىڭ
قىلغان ھەر ئىشىدا باردۇر نادانلىق .

## 18

كىمكى جاھاندا گەر بولسا دانا ،
ئېرىقچە بىلىنمەس ئاڭا چوڭ دەريا .
ئەقلىنى ھەر ئىشقا قىلسا يول باشچى
يارىلار ئەجرىدىن يېپيېڭى دۇنيا .

## 19

داتلاشمايدۇ ھەقىقەتنىڭ پىچىقى ،
ساپ ھاۋالىق گۈزەل بوستان قۇچىقى .

ھەرنە ئىشقا ئادىل باھا بېرىشتە ،
چىقماس ئۇنىڭ قىلچە نۇقسان - يوچۇقى .

## 20

ھەقىقەت ھەممىگە شىپالىق دورا ،
ئۇنىڭغا ھېچ كىشى كولىماس ئورا .
نەدە دەپ ئىزدىسەڭ بىقىپ ئاسمانغا ،
جۇلالاپ نۇر چاچقان قۇياشقا قارا .

## 21

مەرىپەتنىڭ پىرى مۇئەللىم ،
ھۆرمەتلىكنىڭ بىرى مۇئەللىم .
ئىچىلىدۇ ئالدىڭدا تۇگەل ،
تىلسىماتنىڭ سىرى مۇئەللىم .

## 22

مەرىپەت بېغىنىڭ باغۋىنى ئۇستاز ،
جۇشقۇنلۇق ھاياتنىڭ كارۋىنى ئۇستاز .
بىلىنمەس قىلچىمۇ جاپا - مۇشەققەت ،
ئەجرىڭدە مۇشكۈللەر داۋىنى ئۇستاز .

## 23

پىشانەڭدىن تەپچىرىسە كۈمۈش تەر ،
نە تەركى ئۇ دەيمەن دىلدىن ئالتۇن زەر .
يۈرىكىڭ ھەم كۆيسە ئەۋلاد ئىشقىدا ،
ئۆزۈڭ تەمە ـ مىننەتلەردىن بىخەۋەر .

## 24

ئۈمىدىم دەرياسىدا ئۈزەر بىر قولۋاق ،
مەنزىلى ئۇنىڭكى چىمەنزار قىرغاق ،
دولقۇنلار مىنگىشىپ چاچراتسا بۇژغۇن ،
غەيرىتىم نىشان دەپ ئۇرىدۇ پالاق .

## 25

چاقنار كۆكتە ئارزۇيۇمنىڭ يۇلتۇزى ،
ئاڭا تۇتاش ھاياتىمنىڭ يىلتىزى .
بىلىم ئېلىپ قۇياش كەبى چاقنىسام ،
گۈل تاقايدۇ ماڭا جەننەت گۈلقىزى .

## 26

تەلپۈنگەچكە ئۆزۈم نۇرغا ـــ يورۇققا ،
يازغىنىم راست ئادرىسمنى ئۇپۇققا .

مەن كائىنات ئەركە ـ نايناق بالىسى ،
ئىرىشتىمەن قەدەمدە مىڭ ئۇتۇققا .

## 27

ھاياتىمدا يېتىش ئۈچۈن غايەمگە ،
ئارمانلارنى ئەگەشتۈردۈم سايەمگە .
شان ـ شەرەپتىن تىكلەپ مەزمۇت بىر مۇنار ،
كىملىكىمنى تونۇتايكى ئالەمگە .

## 28

ئالەم ئارا كۆرگەنلىرىم كۆپ ،
چىن ئاشىقمەن كۆيگەنلىرىم كۆپ .
يۈرىكىمدىن ئىرپان قىزىنى ،
سۆيگىنىم راست ، سۆيگەنلىرىم كۆپ .

## 29

يامغۇر بولۇپ تۇپراققا سىڭسەم ،
گىياھ بولۇپ چۆللۈككە ئۈنسەم .
ئارزۇيۇمنى تاپقۇزۇپ ۋىسال ،
دەيمەن دائىم شاد ـ خۇرام يۈرسەم .

## 30

تۇگەپ ئۆتمەس جاھاننىڭ ئىشى ،
قانچە ئەجىر سىڭدۈرسە كىشى .
مېھنەتلەرگە بېرىپ گۇۋاھلىق ،
چىراي ئاچار ئىنسان ئۆتمۈشى .

## 31

بەلنى باغلاپ چۈشكىن چېلىشقا ،
رەقىبلەردىن قىساس ئېلىشقا .
ھالال مېھنەت سىڭدۈرۈپ تىرىش ،
ئەجرىڭدىن باغ بىنا قىلىشقا .

## 32

ھەرنە ئىشتا ۋىجدانلىق ياشا ،
قورسىقىڭنى تۇتۇپ كەڭتاشا .
ناخشا توۋلاپ ئۆتەر بۇنى بىل ،
قانىنى شوراپ گىگىلداپ پاشا .

## 33

مەن ھاياتنىڭ ئاشىقى — پەرھاد ،
شۇڭا قىلچە چەكمەيمەن پەرياد .

ئىستىقبالىم پارلاقتۇر ھامان ،
مەنزىلسېرى چاپتۇرىمەن ئات .

## 34

تېگىپ قالدى ساڭا ئەمەل كېمىسى ،
پالاق ئۇردۇڭ غادايغىنىڭ نېمىسى ؟
خىزمىتىنى ياخشى ئادا قىلمىساڭ ،
چېقىلىدۇ ئەلنىڭ سەۋر چىنىسى .

## 35

ئېيتقىنا ھاياتتا ئويلىدىڭ نېمە ،
قىلدەكلا ئىشىڭغا مەن ھاتەم دېمە .
قانچىلىك سەن باسقان قەدەم سالمىقى ،
جىڭلاپ كۆر ئاخىرى پۇشايمان يېمە .

## 36

ئىش ـ ئەمگەكتە بولساڭ ھىممەتلىك ،
داستىخىنىڭ بولۇر نېمەتلىك .
كۆكسى ـ قارنىڭ كەڭ بولسا قانچە ،
ئەل ئالدىدا ئورنۇڭ قىممەتلىك .

## 37

ئىمانىم كامىل يوغان سەللەم بىلەن ،
ھەر دائىم باي ئاتالدىم غەللەم بىلەن .
تۇرمۇشۇم زەپ باياشات ماختانغۇدەك ،
ئۆتمەكتە كونا كەپە ـ چەللەم بىلەن .

## 38

بۇ جاھان مەن ئۈچۈن تار بولۇپ كەلدى ،
دىلبىرىم بىر ئۆمۈر يار بولۇپ كەلدى .
ئۆزگىدىن بىر قەدەم تاشلىسام ئارتۇق ،
ئەقىدە ـ ئىخلاسىم خار بولۇپ كەلدى .

## 39

يۈرىمەن يوللاردا تەمتىرەپ ـ چەتنەپ ،
شۇ يەڭلىغ ئىشىمدىن چىقمايدۇ ھېچ نەپ .
ماختىنىپ تۇرىمەن يەنە ئۆزۈمچە ،
دەرىخا ، كۈن بويى لاغايلاپ ئەسنەپ .

## 40

نادانغا سايدا تاش ئالتۇن كۆرۈنەر ،
ئىس چىقىپ تۇرغان چوغ يالقۇن كۆرۈنەر .

كىيسە گەر كۈلانى ھۆرمەتلىك كىشى ،
يەنىلا ئۆزگىگە زەر تون كۆرۈنەر .

## 41

مەن ھاراقنى كۈتكىنىڭدەك ئىچەلمەيمەن ،
ياكى كۆنگەن خۇيۇمدىن ھېچ كېچەلمەيمەن .
راستىن ئېيتسام بۇ ھاياتتا قوغلاپ يۈرگەن ،
بىرنەرسەم بار ئارقىسىدىن يېتەلمەيمەن .

## 42

سۆيگۈنى جانانىنىڭ مېھرىدىن ئىزدەڭ ،
ئاي مۆككەن ، كۈن مۆككەن چېھرىدىن ئىزدەڭ .
بەختنى ــ ھەركىمگە مۇشكۈل ئىمتىھان ،
جاۋابنى ھاياتنىڭ سېھرىدىن ئىزدەڭ .

## 43

بولمەن بەزىدە دەرد بىلەن ئۆلپەت ،
« نازلىنىپ » كەلگەندە « سۆيۈملۈك » كۈلپەت .

غەم تېغى باسىدۇ قەددىمنى ئېگىپ ،
يوقايدۇ شۇندىلا مەندىكى سۇلكەت .

## 44

يار كۆڭلۈڭنى ماڭا بەرگىن دەپ قويۇپ ،
يۈرىكىمگە ئۆچمەس ئوتنى سەپ قويۇپ .
سەن يوقالدىڭ قاياقلارغا دىلبىرىم ،
سۈرىتىڭنى ئۇستىلىمگە ئەپ قويۇپ .

## 45

ئەسلي شائىر ئۆزۈڭسەن دادا ،
غۇرۇرۇڭ بار مىسرالىرىمدا .
مەشئىلىڭنى كۆتۈرۈپ يۈرىمەن ،
بولمىساڭمۇ هازىر يېنىمدا .

1995 ــ 1998 ـ يىللار ، يەكەن ـ مەكىت



本诗集选录作者的一批优秀诗作，其中抒发对祖国的爱，青春的赞美，探索的热情。

جاۋابكار مۇھەررىرى : **غولام ئەبەيدۇللا**
جاۋابكار كوررېكتورى : **گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن**

# سۆيۈۋالاي مەڭزىڭگە قۇياش

( شېئىرلار )

ئاپتورى : **مۇھەممەت ئەھمىدى**

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
( قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000 )
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092×787مم ، 32 / 1
باسما تاۋىقى : 5.25 قىستۇرما ۋارىقى : 1
2001 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 3000 ــــ 1

---

ISBN7 — 5373 — 0871 — 3/I. 242
باھاسى : 9.50 يۈەن

ئېلان قىلىنغان « بىلىم ئال » ناملىق تۇنجى شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ ، ھازىرغىچە 650 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ، 20 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە ، نەسر ۋە تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان . « دولان بۇژغۇنلىرى » ، « ۋەتەن باھارى » ، «زەرەپشان سۆيگۈسى»ۋە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى نەشر قىلغان « جانان بىلەن ئېيتقان ناخشىلار » ، 1999 ـ يىلى نەشر قىلغان « قەشقەردە توي » ناملىق كوللېكتىپ توپلاملارغا ئۇنىڭ بىر بۆلۈك شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن . 2000 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈچۈن ئەدەبىيات يېتەكچىسى » ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان .

مۇھەممەت ئەھمىدى

شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ، قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى .

مۇقاۋىسنى لايىھىلىگۈچى : ئىلشات تۇرسۇن



ISBN 7-5373-0871-3

9 787537 308717 >

ISBN 7 — 5373 — 0871 — 3

I. 242(民文) باھاسى : 9.50يۈەن